[illegible] گۈلىستانى

# ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىل

## (لوقمان ھەكىم ھېكايەتلىرى)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىل

(لوقمان ھەكىم ھېكايەتلىرى)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: پاتىگۈل ئىمىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

要知人：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-775-7

I. 要… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024501 号

| | |
|---|---|
| 从 书 名 | 经典之花系列丛书 |
| 本册书名 | 要知人 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　著 | 帕提古丽·依明 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 特约编辑 | 哈斯亚提·依不拉音 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 3.125 |
| 版　　次 | 2009 年 3 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 3 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-80744-775-7 |
| 定　　价 | 9.90 元 |


（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئاپ ئادرېسى

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلستانى
كىتاب ئىسمى: ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىل
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: پاتىگۈل ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-775-7
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىل» دېگەن كىتابتا ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بىلىمى بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئارىسىدا رىۋايەتلىك شەخسكە ئايلىنىپ كەتكەن بۈيۈك ئەللامە لوقمان ھېكىمگە ئالاقىدار تەربىيەتلىك ھېكايەتلەر ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى سۈرەييانىڭ كۆڭلى زادىلا بىر يەردە ئەمەس. ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە پەرىشان ئىدى. ئادەم بۇ دۇنياغا نېمىدەپ كېلىدۇ، كۆرگەن خۇۋلۇقى نېمە بولىدى، مەنچۇ؟ دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى، ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە داڭلىق دوختۇر بولۇش ئارزۇسى بىخ سۈرگەن، چوڭ دادىسىدىن لوقمان ھېكىمنىڭ تۈرلۈك -تۈمەن ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان ھەم شۇ گۈزەل ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىپ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغىمۇ قوبۇل قىلىنغان ئىدى. كۆڭلىدە بىر دوختۇر بولۇپ بىمارلارنى داۋالاپ ئۇلارنى يېڭى بىر ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشنى، ئاپئاق خالات كىيىپ ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە ئەزرائىل بىلەن جەڭ قىلىشنىلا ئويلايدىغان بۇ گۈزەل قىز كۈنلەرنى تۈنلەرگە ئۇلاپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۇنىۋېرسىتېتنىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزدى. مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىنىپ خەلق دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىندى. ئۆزىنىڭ خۇشپىچىم قەددى - قامىتى، ئايدەك چىرايى، قىياقتەك كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى چولپان كەبى شەھلا كۆزلىرى، گىلاستەك ئېغىزى، سەدەپتەك چىشلىرى بىلەن مانا مەن دېگەن يىگىتلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ ۋەيرانە قىلىشقا تاسلا قالىدىغان سۈرەيياغا ئاق خالات تولىمۇ يارىشاتتى. ئۇنى كۆرگەنلا كىشى زېمىندىمۇ پەرىشتە بارلىقىغا

ئىشىنىشەتتى ھەم ئۆز ـ ئۆزىگە مەستلىكى كېلىپ «مەن چوقۇم ئىسمى جىسمىغا لايىق ئاق خالاتلىق پەرىشتە بولىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ ئىشقا چۈشكەن ئاشۇ كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى.

ئەمما ھەممە ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك، كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغانلىقىغا ھەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمىگەن سۈرەييا بەزىدە ئۆلۈمگە سەۋەب قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدىغانلىقىنى مانا مۇشۇ كۈنلەردە ھېس قىلغان ئىدى.

قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي، يېگەن ـ ئىچكىنى ئىچكەندەك بولماي غەلىتىلا بولۇپ قالغان ئىدى. مۇدىرى پات ـ پات:

ـــ نېمە بولدىڭىز سۈرەييا؟ ـــ دەپ سوراپمۇ قوياتتى.

ئۇ ھەتتا لوقمان ھېكىم بولغان بولسا ماڭا ياردەم قىلىپ ساقايتالمىغان كېسەللىرىمگە چارە قىلىپ بېرەر ئىدى دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى. ئەمما نە چارە؟ رىزقى تۈگىگەندە بەندىنىڭ قولىدىن نېمىمۇ كېلەتتى. قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر دەپتىكەن دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتىيۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ لاياقەتلىك بىر دوختۇر بولالمىغىنىدىن، تېخى پىشىپ يېتىلمىگىنىدىن ئەپسۇسلىناتتى.

كۆڭلىدىكى پەرىشانلىق ئۇنى ھېچبىر ئارامىدا قويمىدى.

پىنھان چاغلىرىدا كۆز ئالدىدىلا كېتىۋاتقان بىمارلىرىنى ئويلاپ يىغلاپمۇ كېتەتتى، ئىنسان چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدىكى دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە خۇددى ئوتقا

چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان كۆڭلىرى ئىدى. ئۇ مەۋھۇم تور دۇنياسىدىن ئۆزىگە كىچىككىنە بولسىمۇ خۇشاللىق ئىزدەيتتى. ئۇ تورنى ئەمدى ئېچىپ تۇرۇشىغا قاچانلاردا قوشۇۋالغىنىنىمۇ بىلمەيدىغان ھاياتلىق نامىدىكى بىرسىنىڭ ئۇچۇرىنى كۆردى.

— پاراڭلاشساق بولامۇ؟

— بولىدۇ.

ئۇ ئارىلىقتا يەنە بىرسىنىڭ تىنچلىقمۇ؟ بارمۇ سەن؟ ئۆلمىگەنسەن؟ دېگەندەك خەتلىرىنى كۆرۈپ ئۆلگەندىن ئارتۇقراق بولۇۋاتمەن دەپ يوللىۋەتتى. بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن ھاياتلىقتىن:

«نېمە بولدىڭىز، خاتا يوللىنىپ قالدىمۇ بىلمىدىم. كۆڭلىڭىز پاراكەندە ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا سىزنى ئاۋارە قىلماي» دېگەن خەتلەرنى كۆرگەن سۈرەييا:

— ئاپلا خاتا يوللاپ قويۇپتىمەن، كەچۈرۈڭ، ئەسلىدە دوستۇمغا چاقچاق قىلىپ...

— ھېچقىسى يوق. ئەمما ھەرقانداق ئىشتا بىپەرۋالىق قىلماڭ، گۈزەل قىز.

تونۇشا - تونۇشمايلا نەسىھەت قىلىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ گېپىگە غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدىيۇ:

— نېمە، ماڭا نەسىھەت قىلىۋاتامسىز؟— دەپ يوللاپ قويدى.

— ياق - ياق، نەسىھەت قىلىشقا ھەددىممۇ؟ لوقمان ھېكىمنىڭ گېپىنى دەپ قويدۇم چېچىلماڭ.

لوقمان ھېكىمنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى

يەنە بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى ۋە:

— ياق چىچىلمىدىم، سىز لوقمان ھېكىمنىڭ ھاياتىغا قىزىقىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ يوللىۋەتتى.

— توغرا دەيسىز، مەن ئۇنىڭ ھاياتىغا قىزىقىمەن، شۇڭىمىكىن ئۇ ھەققتە تارقالغان ھېكايەتلەرگە بەك قىزىقىمەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، لوقمان ھېكىم ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بىلىمى بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئارىسىدا رىۋايەتلىك شەخسكە ئايلىنىپ كەتكەن بۈيۈك دانىشمەن، تېبابەتچىلىكنىڭ ئاتىسى، دەرىجىدىن تاشقىرى ماھىر ھۆكۈما بولۇپ، بەزىدە ھەتتا پەيغەمبەرلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا ئۇنىڭ ئەسلىي قۇل ئىكەنلىكى، ئۈچ مىڭ بەش يۈز يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيىتى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى كۆپلىگەن ھېكايەت ـ رىۋايەتلەر تارقىلىپ يۈرگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئىنسانلارنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان قىممەتلىك جاۋاھىراتلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

— ئېغىر كۆرمىسىڭىز ماڭا ئۇنىڭ سىز بىلىدىغان ھېكايەتلىرىدىن بىرقانچىنى دەپ بېرەمسىز، بىلىپ قويسام يامان كەتمەس.

— ئەلۋەتتە يامان كەتمەيدۇ. مەن يېقىندا نەشر قىلىنغان «لوقمان ھېكىم مۇنداق دەيدۇ» دېگەن كىتابتىكى بىر قىسىم ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ھېكايەتلەرنى ئايرىپ كومپيوتېرغا كىرگۈزۈپ قويغان ئىدىم. شۇنى مەن سىزگە ئەۋەتىپ بېرەي. ئوقۇپ بېقىڭ.

— ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا سۇرەيىا قارشى تەرەپ ئەۋەتكەن ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

بىر كىشى لوقمان ھېكىمدىن:
— ھەي دانا كىشى، شۇنچە ئىلىم ـ ھېكمەت، پەم ـ پاراسەتنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
لوقمان ھېكىم ئېيتىپتۇكى:
— ئىلىمنى نادانلاردىن، ياخشىلىقنى يامانلاردىن ئۆگەندىم. ئۇلار نېمىنى قىلسا مەن ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلدىم، يەنى ئۇلار قىلغاننى مەن قىلمىدىم... — دەپتۇ ۋە بىر بېيىت ئوقۇپتۇ:

جاھالەت ھالىنىڭ كۆڭلى بىلسە بىر باياۋاندۇر،
كىشى ئىرسەڭ ئۆمۈرگە ئىلمۇ ئېرپاندىن چىراغ ياندۇر.

بىر كىشى لوقمان ھېكىمدىن:
— نەسىھەتىڭىزنىڭ كۆپى ياشلارغىلا ئائىت بولىدۇ، چوڭلارغا كەمرەك. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان ھېكىم:
— باغۋەن يەرنى يۇمشىتىپ، بىر دەرەخ كۆچىتىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى خەس ـ خەشەك ۋە زىيانلىق ئوت ـ چۆپلەردىن تازىلاپ، سۇغىرىپ تۇرسا، ئومۇمەن ياخشى پەرۋىش قىلسا تېز ئۆسۈپ، ۋاقتىدا ۋايىغا يېتىدۇ. ئۇنۇمى ھوسۇللۇق بولىدۇ.
بالىنىمۇ كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلىسە،

گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك قىلىپ ئۆستۈرسە، ئۇ بالا ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئەزاسى بولۇپ يېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ياشلار تەربىيىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىمەن، ۋەز ـ نەسىھەتلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى ياشلارغا ئائىت بولىدۇ، ــــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھەر ئوغۇل ـ قىزغا كېرەكتۇر روھىي ئوزۇق تەربىيەت،
ئەيلىگەي ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر يورۇق تەربىيەت.

بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ ئاسمان ئۆرۈلسە ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان، ئالەمگە ئوت كەتسە پەرۋايىغا، سۇ باسسا ئەرۋايىغا كەلمەيدىغان، نان بولسا ئىش بولمىسا، ياز بولسا قىش بولمىسا دەيدىغان، ئالدىغا كەلگەننىلا يالمايدىغان، نەپسى ئۈچۈن ھەر بالادىن يانمايدىغان، يېيىشنىلا كۆزلەيدىغان، ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيدىغان، قورسىقىنىڭ تويغىنىنى سىلاپ بىقىپ بىلىدىغان، ھەمىشە ئورۇنسىز سۆزلەيدىغان، قىلىقىدىن كىشىنىڭ غىدىقى كېلىدىغان، باشلىقىغا بېشى بىلەن، باشقىلارغا پۇتى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇيقۇدىن نېرى بولمايدىغان، باشقىنى ئۇقمايدىغان ئاجايىپ بىر ئادەم ئىكەن. ئاقىۋەتتە ئۇ يەل بەرگەن تۇلۇمدەك، يەم بەرگەن مولۇندەك، ئېغىرئاياغ خوتۇندەك، باغلاپ قويغان ئوتۇندەك بىر نېمە بوپتۇ ـ دە، ئاخىر لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئەھۋالىنى بايان ئەيلەپتۇ. لوقمان ھېكىم ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ ـ دە، چورتلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېيتىپتۇ:
— قىرىق كۈندە ئۆلىسەن.
— ھە؟...ھە؟...
— شۇنداق...قىرىق كۈنلۈكلا ئۆمرۈڭ قاپتۇ.
— ئاھ! — دەپتۇ باداڭ قورساق ۋە قايغۇرغان پېتى ئۆيىگە راۋان بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەجدىھادەك ئىشتىھاسىمۇ، ئېيىقنىڭكىدەك ئۇيقۇسىمۇ قېچىپتۇ، ئۇ: «چالا قالغان ئىشلىرىمنى پۈتكۈزۈۋالاي...» دەپ ئۇيان - بۇيان چېپىپتۇ. ھەرىكەتلىنىش بىلەن تېنى خېلى يېنىكلەپتۇ. قىرىق كۈنمۇ، يۈز قىرىق كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ، ئەمما ئۇ ئۆلمەپتۇ. يەنە لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، لوقمان ھېكىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دەپتۇ:

دەل ئىشىدىن ئەندىشى يوقنىڭ ئىشى ئوڭمايدىكەن،
ئۇ كەبىلەرنى ئەجەلنىڭ دورىسى ئوڭلايدىكەن.

لوقمان ھېكىم قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يىغىلىپ ئۇنى داۋالاشقا كىرىشىپتۇ، لوقمان ھېكىم ئۇلارغا:
— سۆيۈملۈك شاگىرتلىرىم، مېنى داۋالاش ئۈچۈن بىھۇدە زەخمەت چەكمەڭلار. سالامەتلىكىمنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەنمەن، ئەجىلىم يېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. ۋاپات بولغىنىمدىن كېيىن قايغۇرۇپ داد - پەرياد قىلماڭلار، چۈنكى، ئۈچ چوڭ تېۋىپ قالدۇرۇپ كېتىمەن، شۇ ئۈچ تېۋىپنىڭ مەسلىھەتىگە ھەممىڭلار ئېتىبار بېرىڭلار،

باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا دەۋەت قىلىڭلار، — دەپتۇ.
شاگىرتلىرىدىن بىرى:
— ئەزىز ئۇستاز، ئورنىڭىزدا قالىدىغان ئۇ چوڭ تېۋىپ كىملەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
لوقمان ھېكىم كۆزلىرىنى ئېچىپ، شاگىرتلىرىغا قاراپ :
—سىلەرگە ئېيتقان ئۈچ تېۋىپنىڭ بىرىنچىسى، تازىلىق، پاكىزلىق؛ ئىككىنچىسى، پەرھىز؛ ئۈچىنچىسى، تەنتەربىيىدۇر. دائىم پاكىز، ئازادە بولۇش، تاماقنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ يېمەي، مۇۋاپىق غىزالىنىش، ئىچىملىكتىن ئۆزىنى تارتىش، بەدەننى ھەرىكەتسىز قويماسلىق، تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىش — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سالامەتلىكنى ساقلىغۇچى ئەڭ ياخشى چارىدۇر، — دەپتۇ.

كۆزلىرى ئاغرىقتىن قىزارغان، ساقاللىرى پاخپايغان بىر كىشى لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ھالىنى ئېيتىپتۇ. لوقمان ھېكىم تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ ـ دە، بىردىنلا چۆچۈپ ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، جىددىي سۆزلەپتۇ .
— ئاپلا سىزگە يامان بوپتۇ، ھامىلىدار بولۇپ قاپسىز ئەمەسمۇ... — دەپتۇ.
— ھە؟... نېمە؟... ھامىلىدار؟... — تەشۋىشلىك سوراپتۇ كېسەل كىشى.
— ھەئە، شۇنداق، قورسىقىڭىزدا بالا پەيدا بولۇپ

قاپتۇ.

— تەقسىر، ئۇنى يوقىتىۋېتىشنىڭ ئامالى بارمۇ؟

— بار...، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم، — پەقەت بىرلا ئامال بار: ئىككى قولىڭىزنى قورسىقىڭىزدىن بىردەممۇ ئايرىماي، قىرىق كۈنگىچە داۋاملىق سىلاپ بەرسىڭىز بالا يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئالاقزادە بولغان كېسەل كىشى قورسىقىنى ئۇۋۇلىغان پېتى كېتىپتۇ ـ دە، قىرىقىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ يېتىپ كەپتۇ.

لوقمان ھېكىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، قورسىقىڭىزدىكى بالا يوقىلىپ كېتىپتۇ... — دەپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى سەللىمازا ساقايغانىكەن.

«كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، موللا بار يەردە تىلىڭنى تارت» دېگەن ماقال مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

لوقمان ھېكىمدىن:

— ھېكمەتنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان ھېكىم:

— ھېكمەتنى كورلاردىن ئۆگەندىم، چۈنكى، كور قەدەم باسقاندا يولنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىنى سەزمىگۈچە ماڭمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

لوقمان ھېكىمدىن:

— سىز بىراۋنىڭ قويچىسى ئىدىڭىز، ئەمدى ئۇلۇغ



www.uyghurkitap.com

مەرتىۋىگە ئىگە بولدىڭىز، قانداق ئىش سىزنى شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈردى؟ — دەپ سوراپتۇ.
لوقمان ھېكىم جاۋاب بېرىپ:
— دائىم توغرا سۆزلىدىم، ئامانەتكە خىيانەت قىلمىدىم، مەنىسىز بىھۇدە سۆزلەشتىن تىلىمنى يىغدىم، مۇشۇ ئۈچ خىسلەت مېنى ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئىگە قىلدى، — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ ـ دە، ئۇنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇرۇپتۇ، كۆرگۈچىلەر ئەجەبلىنىپ:
— ھەي ئادەم، بۇ بالىنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، لوقمان ھېكىم:
— بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدۇ... — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— ئەخمەق ئادەممۇ سەن؟... بۇيرۇغان ئىشنى قىلغان ئادەمنىمۇ ئۇرامسەن؟
ئۇلارنىڭ سۆزىگە لوقمان ھېكىم مىيىقىدا كۈلۈپتۇ ـ دە، ئوغلىنى كوچىمۇ كوچا ئېلىپ بېرىپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىر ھويلىدىن قاش ـ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بىر قېرى قىز چىقىپ غەزەپلىك ھالدا شۇنداق دەپتۇ:
— ھەي ئاتا، بۇ ئوغۇلنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بۇيرۇغان ئىشنى قىلىدۇ... — دەپتۇ لوقمان ھېكىم. قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە:

— ئۇنداق بولسا تازا ئۇرۇڭ، قاچانكى ئىشنى بۇيرۇتماي، ئۆزى تېپىپ قىلغۇچە ئۇرۇڭ... — دەپتۇ لوقمان ھېكىم قىزنىڭ قولىدىن كاپپىدا تۇتۇپتۇ ـ دە:

— مېنىڭ ئىزدىگىنىم سەن ئىدىڭ... — دەپتۇ ۋە شۇ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئاندىن بىر بېيىت ئوقۇپتۇ:

«ئىش — ئەقىلنىڭ ئەلچىسى، ئەمگەك — ئۆمۈرنىڭ گۈلچىسى،
كۆز — كۆڭۈلگە نۇر چىراغ، قول ـ پۇت ئۇتۇقنىڭ يولچىسى.»

لوقمان ھېكىم ئوغلىغا مۇنداق 99 نەسىھەت قىلدى:

(1) ھەي پەرزەنتىم، ئۇلۇغ قۇدرەتلىك ياراتقۇچىنى تونۇ.

(2) كىمگە پەند ـ نەسىھەت قىلساڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىل.

(3) سۆزنى ئۆز قەدرىڭگە لايىق سۆزلە.

(4) ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىل.

(5) ھەممىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى چۈشەن.

(6) سىرىڭنى مەخپىي تۇت.

(7) دوستۇڭنى قىيىن كۈندە سىنا.

(8) دوستۇڭدىن پايدا ـ زىياندا ئىمتىھان ئال.

(9) ئەخمەق ۋە نادان ئادەملەردىن قاچ.

(10) دانا ۋە زىرەك دوستنى دوست تۇت.

(11) ياخشى ئىشقا مەھكەم كىرىش.

(12) ئايال كىشىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنمە.

(13) ساپ دىل ۋە دانا كىشىلەر بىلەن مەسلىھەت قىل.

www.uyghurkitap.com

(14) سۆزنى ئىسپاتلىك بىلەن سۆزلە.
(15) ياشلىقنى غەنىيمەت بىل.
(16) ياشلىقتا ئىككى دۇنيا ئىشلىرىنى قىلىۋال.
(17) دوست ـ يارلىرىڭنى ئەزىز بىل.
(18) دوست ـ دۈشمىنىڭگە يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت.
(19) ئاتا ـ ئانىنى غەنىيمەت بىل.
(20) ئۇستازنى ئاتىدىن ئەزىز بىل.
(21) خەجنى كىرىمگە قاراپ قىل.
(22) ھەممە ئىشتا ئوتتۇرا يول تۇت.
(23) مېھماننىڭ خىزمىتىنى قائىدىدەك قىل.
(24) ئالىيجانابلىقنى ئۆزۈڭگە شوئار قىل.
(25) بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىڭدە كۆز ۋە تىلىڭغا ئېھتىيات قىل.
(26) كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدىنىڭنى پاكىز تۇت.
(27) جامائەت بىلەن بىللە بول.
(28) پەرزەنتىڭگە ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەت.
(29) ئىلاج بولسا پەرزەنتىڭگە چەۋەندازلىق ۋە مەرگەنلىكنى ئۆگەت.
(30) ئۆتۈك ۋە كەش كىيىشنى ئوڭ پۇتۇڭدىن، سېلىشنى سول پۇتۇڭدىن باشلا.
(31) بىراۋ بىلەن ئىش قىلساڭ شۇ ئادەمگە لايىق ئىش قىل.
(32) كېچىدە سۆزلىسەڭ ئاستا، مۇلايىم سۆزلە،
كۈندۈزى سۆزلىسەڭ ئەتراپىڭغا بېقىپ سۆزلە.
(33) ئاز يېيىش ۋە ئاز سۆزلەشنى ئادەت قىل.

(34) ئۆزۈڭگە ياقمىغان ئىشنى ئۆزگىگە زورلىما.
(35) ھەر ئىشنى ئاۋايلاپ چارە ـ تەدبىر بىلەن قىل.
(36) ئۇقماي ئۇستازلىق قىلما.
(37) خوتۇن ۋە بالىغا سىر ئېيتما.
(38) باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى تەمە قىلما.
(39) پەسكەشتىن ۋاپا كۈتمە.
(40) ھەرقانداق ئىشنى كەم ـ كۈتىسىز دېمە.
(41) قىلمىغان ئىشنى ھېسابقا ئالما.
(42) بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
(43) ئۆزۈڭدىن چوڭغا چاقچاق قىلما.
(44) كىشىلەرگە يامان كۆرۈنمەسلىككە تىرىش.
(45) ھاجەتمەن كىشىلەرنى نائۇمىد قايتۇرما.
(46) ئۆتكەن جاڭجالنى ئەسلىمە.
(47) باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆز ياخشىلىقىڭ بىلەن ئارىلاشتۇرما.
(48) بايلىقىڭنىڭ مىقدارىنى دوست ـ دۈشمەنگە بىلدۈرمە.
(49) قېرىنداشنى قېرىنداشتىن ئايرىما.
(50) ياخشى ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلما.
(51) پەقەت ئۆزۈڭنىلا ئويلىما.
(52) كۆپچىلىك قوزغالسا سەنمۇ ئۇلارغا ئەگەش.
(53) بارماقلىرىڭنى ئېغىز ۋە بۇرنۇڭغا تەگكۈزمە.
(54) ئادەملەرنىڭ ئالدىدا چىش كولىما.
(55) تۈكۈرۈك ۋە بۇرنۇڭنى يۇقىرى ئاۋازدا تاشلىما.
(56) ئەسنىسەڭ ئاغزىڭنى قولۇڭ بىلەن توس.

(57) ئۆزۈڭدىن چوڭغا ئارتۇق سۆزلىمە.
(58) ئادەملەرگە قاراپ كېرىلمە.
(59) جىددىي سۆزنى چاقچاققا ئارىلاشتۇرما.
(60) بىراۋنى بىراۋ ئالدىدا خىجىل قىلما.
(61) قاش ـ كۆزۈڭ بىلەن ئىملاپ چېقىمچىلىق قىلما.
(62) ئېيتقان سۆزۈڭنى تەكرارلىما.
(63) بىراۋنى مەنىسىز كۇلدۇرۇشتىن ساقلان.
(64) ئۆزۈڭنى ۋە يېقىن كىشىلىرىڭنى باشقىلار ئالدىدا ماختىما.
(65) ئۆزۈڭنى ئاياللاردەك پەردازلىما.
(66) بالىلىرىڭ نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىۋەرمە.
(67) تىلىڭنى ئايا.
(68) سۆزلەۋاتقاندا قولۇڭنى سىلكىمە.
(69) ھەممە ئادەمنى ھۆرمەتلەشنى ئۇنتۇما.
(70) ئىغىۋاگەر ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما.
(71) ئۆلگەن ئادەمنى يامانلاپ تىلغا ئالما.
(72) ئىلاجىڭ بار ئۇرۇشما ۋە خۇسۇمەت ساقلىما.
(73) بىراۋنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى سىناپ يۈرمە.
(74) چوڭلارنىڭ ساۋاقلىرىنى ياخشىلىق بىلەن يادىڭدا تۇت، گۇمانخور بولما.
(75) ئۆز نېنىڭنى باشقىلارنىڭ داستىخىنىدا يېمە.
(76) ئىشتا ئالدىراقسانلىققا يول قويما.
(77) مال ـ دۇنيا تاپىمەن دەپ ئۆزۈڭنى قىينىما.
(78) بىراۋ ئۆزىنى بىلمىسە، سەن ئۇنى بىل.

(79) غەزىپىڭ كەلگەندە سۆزنى تاللاپ سۆزلە.
(80) ئىتتىكلىك بىلەن بۇرنۇڭنى سۈرتمە.
(81) قۇياش چىققۇچە ئۇخلاپ ياتما.
(82) باشقىلارنىڭ ئالدىدا نەرسە - كېرەك يېمە.
(83) چوڭلارنىڭ ئالدىدا ماڭما.
(84) باشقىلار سۆزلىگەندە، سۆزىگە قوشۇق سالما.
(85) بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرما.
(86) كوچىدا ئوك - سولغا قاراۋەرمە، ئالدىڭغا قاراپ ماڭ.
(87) ئىمكان بار ياۋىداق ئۇلاغقا مىنمە.
(88) مېھماننىڭ ئالدىدا بىراۋغا غەزىپىڭنى چاچما.
(98) مېھماننى ئىشقا بۇيرۇما.
(90) دىۋانە ۋە مەست بىلەن سۆزلەشمە.
(91) كوچىلاردا بىكارچى ۋە گەپ ئاڭلىمايدىغانلار بىلەن بىللە ئولتۇرما.
(92) پايدا - زىيانغا ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ ئابرۇيۇڭنى تۆكمە.
(93) مەمەدان ۋە تەكەببۇر بولما.
(94) باشقىلارنىڭ ساڭا خۇسۇمەت قىلىشىدىن قاچ.
(95) جېدەل ۋە پىتنىدىن قاچ.
(96) پۇلسىز يۈرمە.
(97) ئۆزۈڭنى خارلىماسلىققا ئىنتىل.
(98) ئاددىي - ساددا، كەمتەر بول.
(99) تەڭرىدىن قورقۇش، خەلققە ئىنساپ قىلىش، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىش، دەرۋىشلەرگە ساخاۋەت قىلىش، دوست - يارەنلەرگە نەسىھەت قىلىش، دۈشمەنگىمۇ سىلىق

www.uyghurkitap.com

مۇئامىلە قىلىش، جاھىللارغا سۈكۈت قىلىش، ئالىملارغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن ياشا.بىراۋنىڭ مىلىغا تەمە كۆزى بىلەن قارىما.

لوقمان ھېكىم بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ كىرىپ ئۇنىڭغا سەككىز تۈرلۈك ئەقىل ئۆگىتىپ:
— بىرىنچى، ئەخلاقلىق بولۇپ، خەلققە سادىقلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىل؛ ئىككىنچى، كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلىغىنىڭ، يامان ئىشتىن توس؛ ئۈچىنچى، ھاياتىڭدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەر؛ تۆتىنچى، بىرسى نامۇۋاپىق ئىش قىلسا، كەچۈرۈمچان بول؛ بەشىنچى، باشقىلارغا قىلغان مۇئامىلەڭدە ھەممىگە باراۋەر بول؛ ئالتىنچى، دۇنيادا ئابروي ـ ئاتاق ئۈچۈن ياشىما؛ يەتتىنچى، سالماق بول؛ سەككىزىنچى، سۆزلىگەندە سىلىق ـ سىپايە بول، ھودۇقۇپ كەتمە.

ئوغلۇم سېنىڭ ھەر دائىم مۇشۇ سەككىز تۈرلۈك ئىشنى ئەمەلىيىتىڭدە ئۈلگە قىلىشىڭنى ھەم ھەر قانداق ئىنسانىنىڭ بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم يەنە بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ ئېغىز ھېكمەت بىلەن نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:
— بىرىنچى، ئالغان ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولمىسۇن، ھەر ھالدا ئايالىڭدا بىر يېتىشسىزلىك بولسۇن؛ ئىككىنچى، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئال؛ ئۈچىنچى، ئايالىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇ ئۈچ كەلىمە ھېكمىتىنى چۈشىنەلمەي ئاتىسىدىن سوراۋېرىپتۇ. لوقمان ھېكىم ئوغلىغا بۇ ئۈچ كەلىمە ھېكمەتنى يېشىپ بېرىپتۇ:

— ئوغلۇم، قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ تۇرغىن. بىرىنچى، ئالغان ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن ئارتۇق بولمىسۇن، ھەر ھالدا ئۇنىڭدىن بىر يېتىشسىزلىك بولسۇن، دېگىنىم ئايالىڭ سەندىن يۇقىرى بولسا سېنى ياقتۇرمايدۇ، ھەر ئىشىڭدىن قۇسۇر تېپىپ سېنىڭدىن چانىدۇ ـ دە، ئازىدۇ. ئاخىرى مۇھەببىتىڭ ياراشماي ئائىلەڭدە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ ياكى بولمىسا ھاياتىڭ خورلۇقتا ئۆتىدۇ. ئەگەر ئايالىڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋەنرەك سەۋىيىدە بولسا، يامان خىيالدىن يىراق بولىدۇ ـ دە، ساڭا سادىق بولۇپ ئىناق، ئىجىل تۇرمۇش كەچۈرسەن، تۇرمۇشۇڭ كۆڭۈللۈك بولۇپ، بەختلىك ياشايسەن.

ئىككىنچىسى، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئال، دېگىنىم شۇكى، ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئايالىڭ يېنىدا بول دېگىنىم. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا ئەرنىڭ ئىشى ھەمىشە تالادا بولىدۇ. شۇڭا ھەپتىسىگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئايالىڭ يېنىدا بولغىنىڭ تۈزۈك، ھەمىشە ئۆيدە بولساڭ ھەر ئىشتىن قول ئۈزۈپ ئۆي كۈچۈكى بولۇپ قالىسەن. ئەر كىشى ئۈچۈن ئىشسىز، بىكار ئولتۇرۇش — ئايال ئالدىدا بەكمۇ نومۇس، ھەپتىسىگە بىر ئايال ئېلىشنىڭ پايدىسى بار. كۆندىلىك ئۇرۇش ـ جېدەلدىن نېرى بولىسەن، مۇھەببىتىڭ سوۋۇمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئايالىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما، دېگىنىم بولسا، ئايال خەق يېنىك مىجەز كېلىدۇ، ئاچچىقى كەلسە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، ئىچىدە سۆز ياتمايدۇ،

ئايالىڭ بىلەن ھەمىشەم ئىناق - ئىجىل ئۆتىمەن، دەپ جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سەندىن رەنجىپ قالسا، سىنىڭ ياخشىلىقلىرىڭ بىر تەرەپكە قايرىلىپ قېلىپ، سىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىڭنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئادەم بار - يوق دېمەيلا يۈزۈڭگە سېلىپ سېنى رەسۋا قىلىپ قويىدۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئۇچىنچى نەسىھىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئاخشىمى بىر ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ، مۇڭگۈزىنى كېسىۋېتىپ، ئۇنى بىر تاغارغا قاچىلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۆيىنىڭ كەينىدە گۈپۈلدىگەن ئاۋاز ئايالىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپتۇ - دە، «نېمە ئىشتۇ، بىرەر ئوغرى ئۆيىنىڭ كەينىدىن تۆشۈپ ئىچىپ ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرمەكچى ئوخشىمامدۇ» دەپ بىر دانە توقماقنى كۆتۈرۈپ چىقىشىغا ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئۆيگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ۋاي سىزمۇ؟ نېمە ئىش بولدى، نېمانچە يوق بولۇپ كېتىسىز، دەپ بېقىڭا، سىزگە نېمە بولدى، ئەلپازىڭىز باشقىچىلىغۇ؟» دەپتۇ.

ئېرى «بايا بىرسى بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم، ئۇ مېنى تىللاۋەرگەندى، ئاچچىقىمغا پايلىماي بىر مۇشت ئاتسام قولۇم گۆرەن تومۇرىغا قاتتىق تېگىپ كەتتى بولغاي، قارىسام تىنىقى توختاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بىرەرسى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ مۇشۇ ئۆيىنىڭ كەينىگە كۆمۈپ تاشلىدىم. يوشۇرغىنىم شۇ، خوتۇن. سەن ھېچكىمگىمۇ تىنما، ئەگەر يەڭگىللىك قىلىپ باشقىلارغا دەپ قويساڭ، مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ، سەنمۇ

مېنىڭدىن ئايرىلىپ، باللار بىلەن يېتىمسىراپ قالمىغىن» دەپتۇ ئايالىغا. ئايالى بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا ئايالىنى خاپا قىلىپ قويۇپ، ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپتۇ. بۇ ئايالىغا ھار كەپتۇ. ئاخىرى ئايالى ئېرىگە:

— سىز يېقىندىلا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ھەم ئۇنى باشقىلار كۆرمىسۇن، دەپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويغان ئىدىڭىز. سىز مېنى مۇنچىۋالا تېرىكتۈرىدىغان بولسىڭىز، مەھكىمەئي شەرئىيىگە بېرىپ، قازى ئاخۇنغا قاتىللىقىڭىزنى ئاشكارىلايمەن، — دەپلا ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇللا قازىخانىغا بېرىپتۇ ـ دە، ئەھۋالنى قازىغا مەلۇم قىپتۇ:

— مېنىڭ ئېرىم يېقىندىلا بىر ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈپ قويدى. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھازىر ئېرىم مېنى كۈندە خاپا قىلىپ مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى. سىلى مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسىلە، ماڭا ئادەم قوشۇپ قويسىلا، مەن ئېرىم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دەپ قازىغا يالۋۇرۇپتۇ.

قازى دەرھاللا بىر ئادەمنى ئۇ ئايالغا قوشۇپ قويۇپ جەسەتنى دەرھال ئالدىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

يەر كولىنىپ تاغاردىكى جەسەت قازىنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. قازى تاغارنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئاچقۇزۇپ، ئىچىگە قارىسا بۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈكى بولماستىن، بەلكى بىر ئۆچكىنىڭ ئۆلۈكى بولۇپ چىقىپتۇ. قازى بۇ نېمە ئىش؟ بۇ

قانداق ئىش؟ دەپ ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ .
لوقمان ھېكىمنىڭ كېلىنى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيلا تاياقتەك قېتىپلا قاپتۇ.
قازى لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى سورىغانىكەن. ئۇ قازىغا :
— مەن ئاتامنىڭ نەسىھىتىنى سىناپ بېقىش نىيىتىدە، ئايالىمنى مۇشۇنداق سىناپ باققانىدىم، — دەپتۇ. قازىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بوپتۇ.

بىر كۈنى لوقمان ھېكىمنىڭ يېنىغا بىر يىگىت ئەقىل سوراپ كىرىپتۇ. لوقمان ھېكىم كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۈچ خىل ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:
— بىرىنچى، مىڭنىڭ رەڭگىنى بىلگۈچە بىرنىڭ ئىسمىنى بىل؛ ئىككىنچى، مېھمانغا بارغاندا تۆردە ئولتۇرۇپ قالساڭ، كېيىن كەلگەن مېھمانغا ئولتۇرغان ئورنۇڭنى بەرمە؛ ئۈچىنچى، يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى ھەرگىز بەرمە.
بىر كۈنى لوقمان ھېكىم ئەقىل سورىغان ياشنى چاقىرىپ، ئۆزى ئۆگەتكەن ئەقىلنى شۇ يىگىتتىن نەق مەيداندا سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. لوقمان ھېكىم ھېلىقى يىگىتكە:
— مەن بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باراي دەۋاتىمەن، بىللە بارغىن، — دەپ يولغا چىقىپتۇ. لوقمان ھېكىم ھېلىقى يىگىتكە:
— بىز مېھمان بولىدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە يېقىن

قالغاندا سەن ئالدىنئالا بىرىپ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈپ، ئۆي ئىگىسىدىن سۆيۈنچە سورا، كۆپ پۇل ھەم ئابرۇي تاپىسەن، ــ دەپتۇ. بۇ يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىسمىنى سورىۋالمىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى زادىلا بىلمەيدىكەن. شۇڭا باردىغان ئۆينىڭ ئالدىغا بىرىپلا:

ــ دوستلىرى كېلىۋاتىدۇ، ــ دەپ سۆيۈنچە ئالماقچى بوپتۇ. لوقمان ھېكىم بارماقچى بولغان ئۆي بىر پادىشاھنىڭ ئۆيى ئىكەن. پادىشاھ ھېلىقى يىگىتكە:

ــ ھەي بالا، مېنىڭ دوستلىرىم بەكمۇ كۆپ، كېلىۋاتقان مېھمان كىم؟ ئىسمى نىمە؟ ــ دەپتۇ. بالا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۆز ئادەملىرىدىن بىرىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئادەم لوقمان ھېكىم ئىكەنلىكىنى پادىشاھقا تېزلا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا سۆيۈنچە مانا، دوستۇمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ كەلگەن ئادەمگە مەنسۇپ، دەپ ھېلىقى كىشىگە كۆپ سۆيۈنچە ئىنئام قىپتۇ. ھېلىقى يىگىت سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قاپتۇ. بۇ يىگىت شۇنداق قىلىپ بىرىنچى سىناقتىن ئۆتەلمەپتۇ.

پادىشاھ لوقمان ھېكىمنىڭ دوستلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ، ھېلىقى يىگىتمۇ تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. يىراق - يېقىندىكى مۆتىۋەرلەر لوقمان ھېكىمنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى يىگىت مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ سالاپىتىدىن، سالاھىيىتىدىن قورۇندى بولغاي، كىرگەنلەرگە تۆردىكى ئورنىنى بوشىتا - بوشىتا پەگاغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ لوقمان

ھېكىمنىڭ ئۆگەتكەن ئىككىنچى نەسىھىتى ئىدى. بۇ يىگىت ئىككىنچى نەسىھەتنىمۇ ئەمەل قىلالماپتۇ. مېھمانلارغا كاتتا داستىخان سېلىنىپ، گۆش ـ قېزا، پولۇ، مانتا، قورداق ـ كاۋاپ قاتارلىق نازۇنېمەتلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. داستىخاندا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى تونۇر كاۋىپىنى يېمەكچى بولۇپ گۆشكە تەمشەلگەندە قولىدا پىچاق يوق بولغاچقا، يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە قارىغانىكەن، بۇ بالا يېنىدىكى پىچىقىنى غىلاپتىن چىقىرىپلا ھېلىقى كىشىگە ئىككى قوللاپ تەڭلەپتۇ. بۇ كىشى بىر بالىغا، بىر پىچاققا قارىغىنىچە پىچاقنى ئېلىپ گۆشنى كېسىپ ھۇزۇرلىنىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. ھەش ـ پەش دېگۈچە داستىخاندىكى ياخشى تاماقلار قۇرۇقدىلىنىپ قاپتۇ.

ھېلىقى يىگىت سېپى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن پىچىقىنى تېزرەك ئېلىۋېلىش كويىدا بولغان بولسىمۇ، بىراق پىچاق ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتمىغاچقا، يىگىت پىچاق بەرگەن مېھماندىن پىچىقىنى قايتۇرۇپ ئېلىش قارارىغا كېلىپ، پىچىقىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا، دېيىشىگە، پىچاق ئالغان كىشى:

— بۇ پىچاق راست سېنىڭمۇ؟ — دەپ ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ سوراپتۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم مېنىڭ، دەپ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ مەغرۇرانە.

پىچاقنى ئالغان ئادەم تۆردە ئولتۇرغانلارغا:

— ھۆرمەتلىك مۆتىۋەرلىرىم، قولۇمدىكى مۇنۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاق بولسا ئاتامنىڭ پىچىقى ئىدى، بىرسى ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ پىچىقىنى ئېلىپ كەتكەنىكەن. مەن

هازىرغىچە ئاتامنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، كىمنىڭ بۇ ئىسىل پىچاقنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەنىدىم. بۈگۈن مانا مۇشۇ سورۇندا ھەممە ئايان بولدى، مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قانلىق قول جاللات مۇشۇ يىگىت ئىكەن. مەن مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىلىمەن، — دەپ يىگىتكە ئېسىلىپتۇ. بۇ يىگىت تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلاردىن نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لوقمان ھېكىم يىگىتنى پىنھان يەرگە باشلاپ چىقىپ:

— ھەي نادان يىگىت! مەن ساڭا يېقىندىلا ئۈچ ئىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان ئىدىمغۇ، شۇ ئۈگەتكەن ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىمۇ يادىڭدا، دىلىڭدا تۇتالماپسەنغۇ؟ مەن «مىڭنىڭ رەڭگىنى بىلگۈچە، بىرنىڭ ئىسمىنى بىل» دېگەنىدىم، لېكىن سەن مېنىڭ دېگىنىمنى قىلماي سۈيۈنچىدىن قۇرۇق قالدىڭ، مېھمانخانىغا بارغاندا تۆردە ئولتۇرغان بولساڭ، كېيىن كەلگەن مېھمانغا ئورنۇڭنى بەرمە دېسەم، سەن ئەكسىچە سىلجا - سىلجا ئاخىر پەگاغا بېرىپ قالدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتتىن مەھرۇم بولدۇڭ. «يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى بەرمە» دېگەن ئاخىرقى نەسىھەتىمنىمۇ يادىڭدا تۇتماي پىچىقىڭدىن ئايرىلدىڭ. بۇنى ئاز دەپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالدىڭ. سەن بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلماقچىسەن؟ — دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا يەنە:

— سەنمۇ مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىل. مەن پىچاقچىغا قانداق پىچاق سوقتۇرغانلىقىمنى ئوبدان

بىلىمەن، پىچاقنىڭ سېپىدىن تارتىپ تىغىغىچە قانداق نۇسخىدا ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، دېگىن. ئاخىرى تالىشا ـ تالىشا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىسىلەر، مەن شۇ چاغدا بۇ دەۋانى ئوبدان ئايرىپ قويىمەن. خاتىرجەم بول. بۇ سېپى ئۆزىدىن ئۇششۇقنى راسا ئەدەپلەپ قوياي، ـــ دەپ ھېلىقى بىچارە يىگىتكە ئىلھام بېرىپتۇ.

بۇ ئىككى دەۋاگەر ئاخىرى لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەر ئىككىلىسى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپتۇ.

لوقمان ھېكىم:

ـــ خوش، مەن سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. سىلەردىن پىچاق ھەققىدە سوئال سورايمەن، پىچاق يېنىمغا كەلتۈرۈلسۇن، ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم پىچاقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ھېلىقى پىچاقنى مېنىڭ دېگەن كىشىدىن:

ـــ پىچاق راستلا سىلىنىڭمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ راست، ئاتامنىڭ.

ـــ ئۇنداق بولسا قانداق دەلىل ـ ئىسپاتلىرى باركىن، ـــ دەپتۇ لوقمان ھېكىم.

ـــ مەن ئاتامنىڭ يېنىدا بىر ئالتۇن ساپلىق پىچىقى بارلىقىنى كۆرگەن. ئاتامنىڭ ئۆلۈمىدە بۇ پىچاق يېنىدا يوق. ھازىر راستلا تېپىلدى. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ پىچاقنى تېپىش ئارقىلىقلا تېپىلدى، بىگىم، ـــ دەپ ھېلىقى يىگىتكە ئالىيىپ قويۇپتۇ.

ـــ ئەمدى سەن سۆزلىگىن يىگىت، ئالدىرىما، تەپسىلىي سۆزلە، ـــ لوقمان ھېكىم يىگىتكە بۇيرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

يىگىت پىچاق ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ دېگەنلىرى لوقمان ھېكىمنىڭ پىچاقنى كۆزەتكىنى بويىچە ئوخشاش بولغاچقىمۇ، بۇ يىگىت دۇدۇقلىمايلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك دەۋاگەرلەر! راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. جانمۇ ھەم ئېغىزدىن چىقىدۇ. بۇ پىچاق راستىنلا مۇنۇ يىگىتنىڭ. چۈنكى ئۇ پىچاق توغرىسىدا دەلىل - ئىسپات ئارقىلىق مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. سىلى ئاتامنىڭ پىچىقى، دېگەن ساختا ئىسپاتنى ئويدۇرۇپ چىقىپ بۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاققا ئىگە بولۇۋالماقچى. سىلى بەكمۇ ياۋۇز، بەكمۇ قارانىيەت كىشى ئىكەنلا، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم دەرغەزەپتە.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— يىگىت! پىچاق ھەقىقەتەن سىنىڭ، — دەپ پىچاقنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

لوقمان ھېكىمدىن ئەقىل سورىغان يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىشتا ئادىل، پاراسەتلىك، كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، راستچىل، كەمتەر بولۇشقا بەل باغلاپتۇ.

سۈرەييا تور ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن بۇ ھېكمەتلىك ھېكايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، قارشى تەرەپكە يەنە ئۇچۇر يوللىدى.

— مۇشۇنداق ياخشى ھېكايەتلەرنى ئوقۇش پۇرستى بىلەن تەمىنلىگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت.

— رەھمەت دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەن سىزگە بىر قىزنىڭ گەپ دەپ بېرەيمۇ، ساراڭ بىلەن ئۆڭنىڭ نېمە پەرقى بار؟

سۇرەييا سەل تېرىككەندەك قىلىپ:

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن دېگەن پەرقى بار.

سۇرەييانىڭ سەل كۆلگۈسى كەلدى ـ يۇ، ئەمما ئىنكاس قايتۇرمىدى.

— سىزگە يەنە بىرنى دەپ بېرەيمۇ، بىراق جاۋابىنى سىز تاپىسىز.

— بولىدۇ.

— تاپالامسىز؟

— قېنى ئېيتىپ باقمامسىز؟

— بىر قىز دېڭىز بويىدا رومانتىك مېڭىپتۇ، بىر يەرگە كەلگەندە قارىسا كەينىدە پەقەتلا ئىز يوق ئىكەن، نېمىشقىدۇ؟ دەپ بېقىڭە.

— كەينىچىلەپ مېڭىپتۇ ياكى دولقۇن يېڭىلىۋېتىپتىمۇ؟

— تېپىۋالدىڭىز.

— يەنە بىرنى سورايمۇ؟

— ھەئە.

— نېمە ئۇچۇن سىز ئۇنچە پەرىشان؟

سۇرەييا جىمجىت بولۇپ قالدى. باياتىن بىرى

www.uyghurkitap.com

«ھاياتلىق» بىلەن پاراڭلىشىپ خېلى كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى، ئەمما تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ئۇنى بىئارام قىلىپ قويدى ۋە دەرھال ئۇچۇر يوللىدى.

— بولدىلا بىز كېيىنچە پۇرسەت بولسا پاراڭلىشارمىز، كەنجە كېۋەزنىڭ غوزىسى يوق، تولا گەپنىڭ مەززىسى دەپ... مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىم بار ئىدى.

— نېمە، خاپا بولدىڭىزمۇ؟ رەنجىمەڭ، ئەلۋەتتە سورىماسلىقىم كېرەكتۇ، بىراق بايامقى گېپىڭىزگە قاراپ سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم. كەچۈرۈڭ.

— ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق.

— شۇنداقمۇ، ئەمىسە مەن خاتىرجەم بولسام بولامدۇ؟ مېنىڭ باشقا مەقسىتىم يوق، رەنجىمەڭ. ئالدىراش بولسىڭىز ئىشىڭىزغا بېرىڭ، سىزگە دەخلى قىلماي.

سۆرەييا بۇ خەتلەرنى ئوقۇۋېتىپ ئۆزىنىڭ سەل قوپاللىق قىلىپ قويغىنىدىن خىجىل بولدىمۇ قانداق، يەنە جاۋاب قايتۇردى.

— ئەمەلىيەتتە ئانچە ئالدىراش ئەمەس.

— پاراڭلاشساق بولىدىكەندە.

— ئىختىيارىڭىز، ئەمما ماڭا نەسىھەت قىلماڭ، مەن بىزار.

— نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق، گۈزەل قىز.

— يەنە باشلىدىڭىزغۇ!

— شۇنداقمۇ، ئەلۋەتتە مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس گەپلىرىم سىزگە ياقمايدۇ. ئەمما چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قويۇشمۇ ياخشى ئەخلاقتۇر.

— نېمە؟ خۇددى ئاكامدەكلا سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ؟ خۇددى مېنى تونۇيدىغاندەكلا.
— سىزنى تونۇيمەن.
— نېمە؟ سىز مېنى تونامسىز؟
— ھە، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، تونۇمايمەن. ھەرقانداق ئىشتا خالىس يول تۇت دەپ ئۆزۈمگە كۆپ دىققەت قىلىمەن. شۇڭا سىزگە خالىس نەسىھەت قىلاي دەيمەنا!
— شۇنداقمۇ، بىرىگە نەسىھەت قىلساڭ، ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئەمەل قىل دېگەن گەپنىمۇ ئۇنۇتماڭ.
— ھا... ھا... ھا، بەك گەپدان ئىكەنسىزغۇ. قارىغاندا...
— قارىغاندا نېمە؟
— ھېچ، ھېچنېمە.
— ئىسمىڭىز نېمە؟
— سىرىڭنى مەخپىي تۇت دېگەن گەپ بارغۇ ـ ھە! بۇ سىر بولۇپ قالسۇن.
— ۋاي ئانامەي لوقمان ھېكىمنىڭ نەسىھەتلىرىنى قاتتىق ئۆگىنىپسىزكەنمۇ دەيمەن.
— بۇ گەپلىرىمدىن رەنجىگۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟
— ئۇنداق ئەمەس.
— لوقمان ھېكىمنى بىزدىن سوراڭ، سىز ئەمەل قىلىڭ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇرەييا سەل غەيرىيلىك ھېس قىلىپ قالدىمۇ، قانداق. ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇيدىغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنگۈسى كەلمىدى ۋە ئېرەن قىلمىغاندەك:

— ھەئە. ئەمما مەن لوقمان ھېكىمدەك بولالمايمەن.

— بولىسىز، سىزگە دېسەم لوقمان ھېكىم ئوغلىغا دائىم مۇنداق نەسىھەت قىلىدىكەن:

«ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇپ ۋىجدانىي بۇرچۇڭنى ئادا قىلىدىغان بول، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئادەملەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن يىراق تۇرىدىغان قىل، يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بەر؛ بىرى ساڭا ئۆكتەملىك قىلىپ زۇلۇم سالسا سەن ئادىللىق بىلەن ئەپۇچان بول، دۇنيادا ئابرۇي، ئاتاق ئۇچۇن ياشىما، كىچىك پېئىل بول، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىل، ئالدىراڭغۇ بولما، سۆرەلمىلىكمۇ قىلما؛ سىلىق ـ سىپايە بول، ھاكاۋۇر، مەنمەنچى، قوپال سۆزلۈك بولۇپ قالما، شۇ ئارقىلىق خەلققە ئۈلگە بول!»

سىزگە دېسەم گۈزەل قىز، ھەرقانداق بىر ئادەم ئالىيجانابلىقنى ئۆزىگە شوئار قىلىپ، تىرىشىپ ئىزدەنسىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدۇ. ھايات ئادىل ئەمەس، بەزىلەر قىلچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆمۈر بويى يېتىپ ئاشقۇدەك كۈتمىگەن بايلىققا ئىگە بولىدۇ، بەزىلەر تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ كەمبەغەللىكتىن ئۆمۈر بويى قۇتۇلالمايدۇ. قابىلىيەتسىزلەر تېزلا يۇقىرىغا ئۆرلىشى مۇمكىن. تىنىم تاپماي ئۇندىمەي ئىشلىگەنلەر ئۆمۈر بويى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا بېسىلىپ قېلىشى مۇمكىن. مۇبادا سىز ھايات خۇشاللىقى بەدەل تۆلەش ۋە تۆھپە قوشۇشتا ئەمەس، پەقەت ھەق ئېلىش شان ـ شەرىپىنى كۈتۈش دەپلا ئويلىسىڭىز ئۈمىدسىزلىنىپ قالىسىز. ئەمما سىز

دېگىـزنىڭمۇ تىـنچ ئاقمايدىغـانلىقىنى، مەڭگـۇ مۇسـتەھكەم بولـۇپ كۆرۈنگـەن تـاغلارمۇ بـەزىدە تـەۋرەپ كېتىدىغـانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ھاياتلىق مۇساپىسى ئەگرى ـ توقـايلىقلار ئىچىـدە داۋاملىشىـدۇ. بىلىشـىڭىز كېـرەككى، تۇرمـۇش ــــ ئـۇ تولىمـۇ رەھىمسىـز، بىـز ئىنسـانلار چىدامـلىـق، شۇنىڭ ئۈچـۈن ئىنسان ھاياتتىـن لەززەت ئالالايدۇ. شۇنداق جـەزم قىلىمـەنكى، ھايـاتلىق پـاراخوتىڭىزنىڭ يۆنىلىشـىنى پـەقەت ۋە پـەقەت ئـۆزىڭىز بەلگـىلەلەيسىز. ئۈگىنىمـۇ ـ سـولغىمۇ، ئـالدىغىمۇ ـ ئـارقىغىمۇ ئىشـقىلىپ قايسـى يۆنىلىشـكە قـاراپ ماڭىدىغـانلىقىڭىزنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىڭ، سـىزنىڭچىچۇ؟ ئـەمما گـۈزەل قىـز، سىزگـە ئـالدىنقى شـەرت ئـۆزىڭىزنىڭ سـالامەتلىكىڭىزنى ئـۆزىڭىز ئاسرىشـىڭىز كېـرەك. ئـادەم ھەرقانچـە كۈچلـۈك، ئۇلۇغـۋار غـايىلىك، تـالانتلىق بولسـىمۇ ھايـات چـەكلىك. سـالامەت بولغـاندىلا ھـەرقانداق ئىشـنى قىلغىلـى بولـىدۇ. ئـۆزىڭىز كۆزلىگـەن مەقسەتلىرىڭىزگـە يېتەلەيسىز...

بـۇ خەتلـەرنى ئوقۇۋېتىپ سـۈرەييانىڭ خـەت يازغۇسـى كەلدىيۇ، ئەمما جىمجىت ئولتۇرۇۋەردى.

ــــ سىز بارمۇ؟

ــــ ھەئە بار.

ــــ بىرمۇنچـە گـەپ قىلسـام جىملىغـۇ، ئۇخـلاپ قالدىمىكىن دەپتىمەن.

ــــ ياقـەي، سـىز شـۇنداق جىددىـي سۆزلەۋاتسـىڭىز گېپىنى بۆلمەي دېدىم، شۇڭا...

ئارىلىقتا بەش مىنۇتتـەك ھـەر ئىككىلا تەرەپتىن سادا

بولماي ئارىنى جىمجىتلىق باستى.
قارشى تەرەپ بىر دانە گۈلنىڭ ئىپادە بەلگىسىنى ئەۋەتتى.
سۆرەييامۇ كۆلۈمسىرىگەن ئىپادە بەلگىسىدىن بىرنى ئەۋەتىپ قويدى.
— بار ئىكەنسىزدە، مەن سىزنى چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.
— ياقەي، چوڭلار نەسىھەت قىلىۋاتسا ئاڭلىماي ھەددىمۇ.
— بەكلا گەپچىكەنسىزغۇ.
— سىزدىن ئۆگەندىم.
— ماڭا يېتىشىدىغانغا ۋاقتىڭىز بار تېخى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۆرەييا جىددىيلىشىپ قالدى ۋە:
— كىشىلەر سۆزگە ئۇستىلىقى بىلەن ماختانسا، سەن سۆكۈت قىلىش بىلەن ماختان. ھەر نەرسىنىڭ دەلىلى بار. ئەقىلنىڭ دەلىلى — پىكىر، پىكىرنىڭ دەلىلى — سۆكۈتتۇر.
— پاھ - پاھ بۇ، گەپلەرنى نەدىن ئۆگىنىۋالغانسىز ئەمدى.
— سىز بىلگەن لوقمان ھېكىمنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن، ئۇ دانىشمەننى بىلمەيدىغان ئادەممۇ بارمۇ؟ ئۇ دېگەن بىزدەكلەرنىڭ ئۇستازى تۇرسا. قانداقسىگە دېگۈڭىز كېلىۋاتىدۇ - ھە؟ سىزگە دېسەم، بولدىلا بۇ گەپلەرنى سىزگە دەپ نېمە قىلاي.
— دەڭا لوقمان ھېكىم توردىكى بىكارچى ۋە

بەڭۋاشلارغا گەپ قىلما دېگەنمۇ يا؟

ــــ ھەئە، شۇنداق دېگەن. ئاز سۆزلەشنى ئادەت قىل دېگەن.

ــــ باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىمۇ دېگەن بولغىيتتى؟

سۇرەييا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.

ــــ تېۋىپ خېنىم، كۆزۈم خەتلىرىڭىزنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ، يۈرىكىم سوقۇشتىنمۇ توختاپ قېلىۋاتىدۇ، دەڭا قانداق قىلاي، كۆرۈش كۆزىمكىنى، كامىرانى دەيمەن، ئاچسىڭىز سىزنى بىر كۆرۈۋالسىلا كۆزۈم روشەنلىشىپ يۈرىكىمگە شىپا، دەردىمگە دەۋا بولارمىكىن دەيمەن.

ــــ كىم تېۋىپ خېنىمكەن؟

ــــ سىز بولمايچۇ؟

ــــ تېۋىپ ئەمەس، دوختۇر دەڭ، ئەمما سىز قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

ــــ لوقمان ھېكىمنى ئۇستازىم دەۋاتامتىڭىز؟

سۇرەييانىڭ شۇنداق كۈلگۈسى كەلدى، بۇ نېمانچە ئەقىللىقتۇ، دەپ ھەيرانمۇ قالدى ۋە تەمكىنلىك بىلەن:

ــــ كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، موللا بار يەردە تىلىڭنى تارت، ــــ دەپ ئۇچۇر يوللىدى.

ــــ تېۋىپ قىزنى لوقمان ھېكىمنىڭ شاگىرتى بولۇشقا لايىق كۆرەلمىدىمغۇ؟ نېمىشقا دېمەكچىمۇ؟ لوقمان ھېكىم كېسەلنىڭ يېرىمىغا داۋا قىلىپ يېرىمىغا داۋا قىلمايدىغاندۇ، كۆزۈمنىغۇ بىر ئامالىلار بىلەن ساقايتىۋالارمەن. ئەممازە يۈرىكىمنى قانداق قىلارمەن!

www.uyghurkitap.com

— بولدى ئەمدى، تولا ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ، بوپتۇ، لوقمان ھېكىم بىرسى نامۇۋاپىق سۆز قىلسا، كەچۈرۈمچان بول دەپتىكەن، بۇ تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالسۇن ئەمدى، ماڭا بۇنداق بىمەنە چاقچاق قىلماڭ.

— ماقۇل - ماقۇل گۈزەل قىز، ئەمىسە ئۆزىڭىز توغرىلىق سۆزلەپ بېرىڭە، پەقەت خالىسىڭىزلا.

راستىنى ئېيتقاندا سۈرەييانىڭمۇ بىرەرسىنى تېپىپ مۇڭداشقۇسى، كۆڭلىدىكىنى دەۋالغۇسى، بۆلۈنۈپ كەتكەن خىياللىرىنى يىغىۋالغۇسى بار ئىدى. ئەمما، دەردلىرىنى تۆككۈدەك بىرەر دوست تاپالمىغان ئىدى. بۇنداق قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەقلەرنىڭ، بىكارچىلارنىڭ ئىشى دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمما بۇ «ھاياتلىق» بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ قالدى. كۆڭلىدە، بۇ يا مېنى تونۇمىسا، يا مەن ئۇنى تونۇمىسام دەپ ئويلاپ بىردەم سۆزلەپ ئىچىنى بوشىتىۋالغۇسى، نەچچە كۈندىن بۇيانقى بۇرۇقتۇرمىلىقتىن بىراقلا قۇتۇلغۇسى كەلدى. ئۇ شۇ خىيالدا تۇرۇپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى بولغاي قارشى تەرەپنىڭ ئۈچۈر سىگنالىنى ئاڭلاپ قايتىدىن خەت بېسىش كۇنۇپكىسىغا قولىنى ئاپاردى.

— ھە مەن بار. سىز مېنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىمنى بىلىۋاپسىزغۇ؟ يەنە دېگۈدەك نېمىمۇ بولسۇن؟

— ئۇنىڭدىن باشقا ماڭا دېگۈدەك گېپىڭىز يوقمۇ؟

— شۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئىشقا چۈشتۈم، ئىشلەۋاتقىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى. سىزمۇ بىلىسىز دائىم دېگۈدەك كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيدىغان، توختىماي

كېسەل تارىخى يازىدىغان گەپ.

— نېمە؟ خىزمىتىڭىزنى ياخشى كۆرمەمسىز، بۇ كەسىپنى قانچىلىغان ئادەملەر ئارزۇ قىلىپمۇ ئېرىشەلمەيدىغان تۇرسا...

— ئۇ دېگىنىڭىزغۇ راست، مەن ياخشى كۆرىمەن. كىچىك چاغلىرىمدىمۇ قونچاقلىرىمغا ئوكۇل سېلىپ، كېسەل كۆرۈپ ئويناپ كېتەتتىم. ئارزۇيۇمدىكىدەك دوختۇرمۇ بولدۇم، دەسلىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ھەتتا پراكتىكا چاغلىرىمدىمۇ ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. ئاق خالاتنى كىيىپ كېسەل كۆرۈپ، ئۇلارنى داۋالاپ ساقايتسا نېمىدېگەن شەرەپلىك ئىش دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمما بەزىدە شۇ ئاق خالاتلىق پەرىشتىمۇ ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ يۈز بېرىدىكەن، سىز بىلمەيسىز، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشىمىز. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇت - سېكۇنتلارغىچە، كۆز ئالدىڭىزدىكى ئۇ خىل مۇھىتتا ھېچبىر ئىنساننىڭ چىداشلىقى بولماس ئېھتىمال.

— چۈشىنىمەن.

— ياق - ياق چۈشەنمەيسىز بەك قىيىن. ئەلۋەتتە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر «رىزقى تۈگىدى». «ئۆلۈمگە ئاغۇ يوق، ئۆلگەنگە قازا يوق»، «بالا - قازا قاش - كىرپىكنىڭ ئارىسىدا» دەپ بىر - بىرىگە تەسەللىلەر بېرىشىدۇ، سەۋر قىلىشىدۇ. ئەمما دوختۇرلارنىڭ ئاشۇ تاتلىق جاننى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدىغىنىنى بىلمەيسىز.

— ھەئە، چۈشىنىمەن. لوقمان ھېكىمنىڭ ئەزرائىلنى

قوغلىشى دەيدىغان بىر ھېكايىتى بارغۇ.

— ھەئە، مەنمۇ ئاڭلىغان.

— دەل شۇنداق، گۈزەل قىز، ھاياتلىق كىشىلەرنىڭ تىلىگىنىدەك بولىدىغان بولسا ئىنسانلار مەڭگۈ ئۆلمىسە بولاتتى. ئۆمۈر دېگەن ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ شۇ يەردە، ياشاش ۋە ئۆلۈش ئىنسان ئىختىيارلىقىدا ئەمەس. ئادەم ھاياتلىقتا تويماي كېتىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرى بۇ دۇنيالىقتا خۇددى دەرەخنىڭ سايىسىدا بىردەم ئولتۇرغاندەكلا ئىش، تۇنۇگۈنكىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈڭ، بۈگۈنۈڭ سېنىڭ قولۇڭدا، ئەمما ئەتىگە بىر نېمە دېمەك تەس، جىمى مەۋجۇدات شەكسىز ئۆلىدۇ. ھاياتلىقلا بولىدىكەن، ئۆلۈشمۇ تەبىئىي. بۇ ئۆلۈمگە ھەرقانداق نەرسە ئارا تۇرالمايدۇ. توغرا، رىزقى تۈگىگەندە سىزلا ئەمەس لوقمان ھېكىممۇ ئامالىنى قىلالمايدۇ. ھەربىرىمىز شۇنداق ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بۇ ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى ـ سائىتى بولىدۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىش تەقدىرسىز بولمايدۇ. ئەلۋەتتە سىلەر سەۋەب قىلغۇچىلار، ھەر ئىشقا سەۋەب قىلغۇلۇق، شۇڭا ئۆزىڭىزنى ئۇنچە ئەيىبلەپ ئازابلىماڭ، سىزگە دېسەم گۈزەل قىز، ھەممىمىزنىڭ يەتكۈچە ئازابىمىز بار. پەقەت دېمىگەنلا يېرىمىز بار. ھايات — تېپىشماق، ئۆلۈم — سىر، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، ئۇنىڭغا نىمانچىلا ۋايسىغۇلۇق؟ پەقەت ئىلگىرى ـ كېيىنلا پەرقى بار شۇ.

سۈرەييا بۇ گەپلەرنى ئوقۇۋېتىپ خىيال دەرياسىغا چۆكۈپلا كەتتى. مۇنداقمۇ ئويلايدىغان ئادەملەر بار ئىكەن ـ

ھە، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسىمۇ قارشى تەرەپنىڭ پىكىر قايىنمىغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. قولى سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنۇق بىلىدۇ دېگەندەك ھەر ئىككى تەرەپ قانداقتۇر ئۆز پىكرى بويىچە ئاللىنېمىلەرنى خىيال قىلىشتى.
— ھەي ـ ھەي، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئۆلمەسلىكىنىڭ دورىسىنى ئىجاد قىلىۋاتامسىز؟
— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، مېنىڭ ئۇنداق ھۈنىرىم بولىدىغان بولسا بۇ يەردە ئاھ، ۋايلاپ ئولتۇرماي دەرھال دوختۇرخانامغا يۈگۈرگەن بولاتتىم.
— دەيمىنا، لوقمان ھېكىمدەك ئۆلۈمگە ھىيلە قىلىشنى خىيال قىلىۋاتامسىزكىن.
— قانداق دەيسىز؟
— مەن سىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي. سىز بىلمەيسىز، ئادەم ئالەمدىن ئىككى نەرسىگە تويماي ئۆتكۈدەك. نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟
— تاتلىق جانغا، پۇلغا شۇنداقمۇ، بايىلىققا دەيمەن.
— ئاساسەن توغرا، بىرسى ئۇزۇن ياشاشقا، يەنە بىرسى ياخشى ياشاشقا، ياخشى ياشاشتىمۇ ياخشى يېيىشكە، ياخشى كىيىشكە ۋە ياخشى ئىچىشكە تويماسلىقتۇر. دېمەكچى بولغىنىم جاپا تارتماي، راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتۈش. ئەلۋەتتە پۇل بولسا ياخشى يەپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن ئەمما بۇلار ئالدىنقى شەرتى ئەمەس.
— بىلىمەن.
— لوقمان ھېكىممۇ ئەنە شۇنداق ئىكەندۇق.

— جۆيلۇمەك، قۇرۇق گەپ.

— دۇرۇس، بۇ بىر ھېكايەتقۇ. لوقمان ھېكىم شۇنچە ئۇزۇن ياشاپمۇ يەنە ئۆمۈرگە تويماي ئەجەلگە ھىيلە قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېكايىلەر بار. ئاڭلاشقا قىزىقمىسىڭىز مەيلى مەنمۇ دېمەي.

— ياق - ياق، كۆرۈۋاتىمەنغۇ مانا، دەپ بېرىڭە، قانداق ھىيلە ئىشلىتىپتىكەن. بۇنى مەن ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— ھە ئەلۋەتتە ئاڭلىمايسىزدە، بولمىسا سىزمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ ھەممە ئادەمنى بىر - ئىككى مىڭ يىل ياشايدىغان قىلىۋەتسىڭىز ھاياتنىڭ، ئادەمنىڭ قەدرى بولامدۇ.

— ۋاي - ۋۇي گەپنى يورغىلاتماي تېز دېسىڭىزچۇ؟ ئەمما سىزگە دېسەم نى - نى دوختۇرلىرىمىز نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ياششىغان - تەر تۆككۈزۈپ ئىشلەۋاتىدۇ. پو ئېتىۋاتىدۇ دەپ قالماڭ.

— دېمىسىمىغۇ شۇ سىلەر ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر بولغاچقا ئاغرىقلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىۋاتىسىلەر، كېسەلگە شىپا قىلىۋاتىسىلەر.

ئارىدا خېلى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىر پەستىن كېيىن سۈرەييا يەنە ئۈچۈر يوللىدى:

— خاپا بولۇپ قالدىڭىزما. مەن شۇ ھېكايىڭىزنى ساقلاۋاتىمەن.

— ئەمىسە ھېكايەمنى باشلاي. لوقمان ھېكىم بەزىلەرنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش، تەن ساقلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى گۈل - گىياھ،

دەل ـ دەرەخلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلەپ، شىپالىق رولىنى تېپىپ چىقىشنى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، تەڭرىدىن ئۇنىڭ ئەجەل ئەلچىسى ئەزرائىل ئارقىلىق ئۆزىگە مىڭ يىل ئۆمۈر بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىكەن. تەڭرى «مېنىڭ بەندىلىرىم ئۇچۇنلا ياشايدىغان بولساڭ بوپتۇ» دەپ ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆرگەنىكەن... لوقمان ھېكىم دەل مىڭ ياشقا تولغان كۈنى قارىغۇدەك بولسا، جان ئالغۇچى ئەزرائىل دەل ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك، لوقمان ھېكىم شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ مىڭ ياشقا تولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە ئەزرائىلنىڭ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالغىلى كېلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆلگۈسى يوق ئىكەن. بولسا تېخى يەنە مىڭ يىلدىنمۇ ئۇزۇنراق ياشىغۇسى بار ئىكەن. شۇڭا دەماللىققا ئەزرائىلغا كۆرۈنمەي تۇرۇشنىڭ چارە ـ ئامالى ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ. ئاللىقىسىغا بىر ئامال كەپتۇ ـ دە، ئۇستىگە قوينىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ قوتاندىكى قويلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ.

ــ سىزگە دېسەم «مىڭ يىل ياشىغان لوقمان ئۆلۈمگە ھىيلىلەر قىلغان» دېگەن ئەنە شۇ ئىشتىن قالغان ئىكەن.

ــ قىزىقمىكەن، سىزمۇ ھىيلە ئىشلىتەمسىز يا؟

ــ ھەئە قىزىقكەن.

ــ يەنە بىرسىنى ئاڭلامسىز؟

ــ ھەئە ئاڭلايمەن.

ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ، ئالدىنقى ھېكايىدە دېيىلگەندەك لوقمان ھېكىم تەڭرىدىن مىڭ يىل ئۆمۈر تىلىۋالغاندىن كېيىن ئادەملەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ،

ئۇلارنى ئاغرىق ئاسارىتىدىن خالاس قىلىش يولىدا كۆپ ئەجىر قىپتۇ. نۇرغۇن جاپالارنىمۇ چېكىپتۇ. ھەربىر گىياھ، ھەربىر دەرەخنىڭ يىلتىزىدىن ئۇچىغىچە بولغان ھەربىر ئۆگە - بوغۇملىرىنىڭ، گۈل - چېچەك، مېۋىلىرىنىڭ ھەتتا ياپراق، پوستى - قوۋزاقلىرىغىچە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى، زەھەرلىك ياكى زەھەرسىزلىكى قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىگىچە ئىزدىنىپتۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن تاغ - داۋانلارنى كېزىپتۇ. يېزا - سەھرالارنى ئايلىنىپتۇ. بۇ جەرياندا باشقىلارنىمۇ ياشارتىپتۇ. ئۆزىمۇ ياشاپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە ياشاپ ئۆمرىنىڭ مىڭ يېشىنى تولدۇرغان كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردىلا ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزرائىل پەيدا بوپتۇ. لوقمان:

— ھە ئەزرائىل بۇ تەرەپكە كېلىپ قاپسىزغۇ، كىمنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ؟ — دەپ ئەزرائىلدىن سوراپتۇ، ئەزرائىل:

— سىز تەڭرىمدىن مىڭ يىل ئۆمۈر تىلىگەن ئىكەنسىز، مىڭ يىل توشۇپتۇ. شۇڭا بۈگۈن تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن جېنىڭىزنى ئالغىلى كەلدىم، — دەپتىكەن. لوقمان ھېكىم:

— ھوي، تەڭرىم يېزا - سەھرادا ياشىغان يىگىرمە يىلىمنى چىقىرىۋەتمەپتىمۇ، — دەپتۇ.

«سەھرايى قىيامەت» دېگەن سۆز لوقمان ھېكىمنىڭ شۇ گېپىدىن قالغان ئىكەن.

— قىزىقمىكەن؟

— ھەئە.

— شۇ تاپتا سۇن ۋۇكۇڭدەك ئۆزگىرەلىسەم دەپ ئويلاۋاتقانسىز - ھە.

— ياق، ئاھ تەڭرىم مېنى ئۆمەرجان ئاكىدەك خىسلەتلىك قىلىپ قويساڭچۇ دەپ ئويلاۋاتقان ئىدىم.
— شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا ئوخشاش خالىسانە كېسەل كۆرۈپ نۇرغۇن بىمارلارنى ساقايتىۋەتكەن بولاتتىم.
— ۋوي، قارا ماۋۇ شەيتان قىزنىڭ گېپىنى.
— مەن نېمە دەپتىمەن. ئۆزۈمنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەمكەن دېمىدىم. ھېچبولمىغاندا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى كېسەللىرىمگە بولسىمۇ داۋا قىلالىسام، بۈگۈنكىدەك ئازاب چېكىۋالمىغان ھەم سىز بىلەن بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭ قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم.
— ما گەپنى كۆرۈڭ. دېمەك بايامدىن بېرى دەۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدىمۇ؟
— ياقەي، چاقچاق قىلىپ سىز بىلەن چېقىشىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ، مەن سىزدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالغان تۇرسام. ئېھتىمال كۇرسلاردا پۇل تۆلەپ ئوقۇغان بولسامۇ بۇنچىلىك بىلىملىك بولماس بولغىيتتىم.
— ھا... ھا... ھا، قارا - قارا ما قىزنى! [ مەن «بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقىغىنا ھاياتىمدا سىز بىلەن سىزدەك ئاق خالاتلىق پەرىشتە بىلەن تونۇشقىنىمدىن بەك خۇشالمەن ھەم تەڭرىمگە كۆپلىگەن تەشەككۇرلەرنى بىلدۈرىمەن. سىزنى مەۋھۇم تور دۇنياسىدىلا ئۇچراتقان بولسامۇ، ئەمما سىز بىلەن تونۇشقىنىم مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم.» ]
پەۋقۇلئاددە يېزىلغان بۇ سۆزلەر سۇرەييانىڭ يۈرىكىگە تەگدى، ئەمما ئۇ ئۇنچە ئېرەن قىلىپمۇ كەتمىدى.

— نېمە سىز كېلەر ھەپتىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا گەپ قىلىسىزغۇ؟ يەنە كېلىپ مېنىڭ سىز بىلەن يەنە كۆرۈشۈشۈم مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلمەمدىڭىزمۇ؟

— سىزنىڭ مەن بىلەن يەنە كۆرۈشىدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن، چوقۇم كۆرۈشىسىز، بەلكىم بۇ گەپلەردىن شۈبھىلىنىۋاتقانسىز؟ بىراق...

— نېمە سىز مېنى توردا پاراڭلاشقانلىكى ئادەم بىلەن خالىغانچە كۆرۈشىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟ بىلىپ قويۇڭ يىگىت، مەن ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس. مەن پەقەت بۈگۈن كەيپىياتىم ناچار بولغاچقىلا سىز بىلەن بۇ يەردە پاراڭلىشىپ قالدىم. بولمىسا...

سۇرەييا شۇ يەرگە كەلگەندە كېلىۋاتقان ئاچچىقىدا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق گەپلەرنى يېزىپ تاشلىماقچى بولدىيۇ لېكىن، يىگىتنىڭ باياتىنقى گەپلىرى شۇقەدەر ئورۇنلۇق بولغاچقىمۇ ئاچچىقىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋالدى. كۇنۇپكا تاختىسىدا گوياكى سوت مەيدانىدىكى پوتۇكچىدەكلا تېز خەت ئۇرىدىغان چىرايلىق نازۇك قوللىرى ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.

— يوقسۇ، مېنىڭمۇ سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان ئۇنچە كۆپ ۋاقتىممۇ يوق، پەقەت بۈگۈنكىدەك توردا ئۇچرىشىپ قالساق سالاملىشىپ ئۆتەرمىزمىكىن دېدىم. ئارتۇق ئويلىۋالماڭ، رايىڭىز بولمىسا ئىختىيارىڭىز...

بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ سۇرەييا تىترەپ كەتتى ھەم جاۋاب يېزىشقىمۇ قوللىرى كەلمەي قالدى. ئارقىدىنلا قارشى تەرەپتىن يەنە ئۇچۇر كەلدى.



www.uyghurkitap.com

— ئاچچىقى كەلگەندە سۆزىنى تاللاپ قىلىدىغان، قىز بالا بولغاندىكىن سەل مۇلايىمراق بولۇڭ، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، بالدۇر يېتىپ سەھەر تۇرۇڭ. ئادەم دېگەن كۈن چىققۇچە ئۇخلىمىغۇلۇق، ئۇيغۇر قىزلىرى هامان سەھەر تۇرۇپ ئۆيلەرنى چىنىدەك تازىلاپ، كۆڭۈلگە راھەت بەخش ئېتىدۇ. مەن چۈشۈپ كېتەي، كۆرۈشۈشكە قايتا ئىمكان بولمىسا مەڭگۈ سالامەت بولۇڭ. مەڭگۈ...

كۆڭلىدە باشقىلارغا ھېچقانداق يامانلىقى يوق بۇ ئاق كۆڭۈل قىزغا مەۋھۇم دۇنيادىكى بۇ يىگىت باشقىچە تەسىر قىلىپ قالغانىدى.

ئۇ گىدىرماچ خىيال ئىچىدە كومپيۇتېر ئالدىدا قاچانغىچە ئولتۇرغىنىنى بىلمەي پۈتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغىلا بويىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە مىليون قېتىملاپ تۇۋىلارنى ئېيتىپ بىلىنى ئاران دېگۈدەك رۇسلىدى.

كېچە ئالىقاچان تەڭدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچبىر ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خىيال كەپتىرى نەلەرگىدۇر ئۇچاتتى. گاھىدا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئويلىسا، گاھىدا كەلگۈسىنى ئويلاپ ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ قوياتتى.

تېخى مەۋھۇم دۇنيادىكى ھېلىقى «ھاياتلىق»مۇ ئۇنىڭ خىياللىرىنى چاچاتتى. خىيالمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر بايلىق، كىشلىك تۇرمۇش بىر كومېدىيىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا ھەرخىل ئادەملەر رول ئالىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

روللارنى ئوينىشى كېرەك. ئەلۋەتتە رېژىسسورمۇ بىر گۈزەل مەلىكىنىڭ رولىغا بەتبەشىرە مومايىنى، بەرنا يىگىتكە قارا دېۋىنى چىقىرىپ قويمايدۇ. ئۆلگەن جاننى تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. يەنە ئاق تاڭ ئاتسا كۆتۈلمىگەن مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ قالامدۇ. بۇنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز، ئەلۋەتتە. ئۇ ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن سۇرەييانىڭ ئاپىسى قىزىنىڭ تېخىچە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۈگۈن ئىشلىمىسە كېرەك، دەپ ئويلىدىيۇ، ئەمما سوراپ بېقىشنى توغرا كۆردى.

— قىزىم بۈگۈن ئىشلىمەمسىز، سۇرەييا، ناشتىلىق يەۋېلىپ ئۇخلاڭ بولمىسا...

سۇرەييا چۆچۈپ ئويغاندى، ئەسلى بۈگۈن ئۇ نۆۋەتچى ئىدى. يۈزىنى يۇيۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئاپىسى بىلەن خوشلىشىپلا سىرتقا ئوقتەك ئېتىلدى. قېرىشقاندەك بىكار كىرا ماشىنىسىمۇ ئۇچۇرمىدى. تەلىيىگە بىر كونىرىغان براك بولايلا دەپ قالغان شالى ماركىلىق كىچىك پىكاپ ئاستاغىنە توختىدى.

— قىزچاق ماشىنا كېرەكمۇ؟

سۇرەييا ئالدىراپ - تېنەپ ماشىنىغا چىقتى - دە چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى ئەپچىلگىنە تۈگۈۋالدى.

— مېنى خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇڭ، كېچىكىپ قالدىم. مۇمكىن بولسا تېزرەك ھەيدىگەن بولسىڭىز.

— ھە بىلىمەن پۇت - قولىڭىزنى يەرگە تەگكۈزمەي

بۆلۇمىگىزگە ئەكىرىپ قويىمەن.
سۇرەييا بۇ شوپۇرنىڭ گېپىدىن سەل ھەيران بولدى. بىراق ئۇندىمەستىن باياتىن ئۆيدىن چىققۇچە شىرەدىن ئېلىۋالغان پىرەنىكنى يېمەكچى بولدىيۇ، ئەمما توختاپ قالدى. چۈنكى ئۇ باشقىلار ئالدىدا خالىغانچە بىر نەرسە يېيىشنى تازا ئەپ كۆرمىگەن ئىدى.
— نېمە، ناشتا قىلمىغان ئوخشىمامسىز؟
— ھەئە، شۇ ئۇلگۇرەلمىدىم.
— بولدى خىجىل بولماي يەۋېرىڭ، ناشتىنى ۋاقتىدا قىلىڭ. بىر كاپام بولسىمۇ نان چاينىۋېلىڭ، بولمىسا ئاشقازان كېسىلى بوپ قالسىز.
سۇرەييا شوپۇر ئۇستامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ لوقمان ھېكىمنىڭ گېپىنى ئەسكە ئالدى.
— توغرا دەيسىز ئاكا، مەن سىزگە ماڭغاچ بىر ھېكايە دەپ بېرەي. سىزمۇ تېز - تېز ھەيدەڭ. لوقمان ھېكىمنى بىلسىزغۇ، لوقمان ھېكىم تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە پۈتۈن ئىقلىمدىكى ئادەملەرنىڭ بەزى - بەزىلىرى بىرنەچچە قېتىمدىن، يەنە بەزىلىرى ھېچ بولمىغاندا بىرەر قېتىمدىن بولسىمۇ لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېسىلىنى كۆرسىتىدىكەن. بىراق لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن لوقمان ھېكىم بۇنىڭدىكى سىرنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىپ قىزىدىن: «مەن تېۋىپلىق قىلغىلى خېلى ئۇزۇن زامانلار بولدى. ھەممە ئادەم دېگۇدەك مېنىڭ سەۋەبىمدىن كېسىلى شىپا تېپىپ ساقايدى. بىراق ئېرىڭ بىرەر قېتىممۇ

www.uyghurkitap.com

كەلمىدى. ئۇمۇ ئىنسان، ئاغرىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ ياكى ئاغرىققا ئۆزى ئامال قىلىدۇ ياكى كېسەل بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان ئامالى بار، شۇڭا سەن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ باققىن» دېگەنمىش. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى ئېرىنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىغانمىش. لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغلى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا، سېۋەتتىكى ناندىن بىر پارچە ئېلىپ يەۋېتىپ، يەنە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ناننى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا نان يوق. شۇنىڭ بىلەن بىرىپ خالتىدىكى ئۇننى ئېلىپ كاپ ئېتىپتۇ. لوقمام ھېكىمنىڭ قىزى دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇننىمۇ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ، لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ئەتىگىنى تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇن خالتىسى ئورنىدا يوق ئىكەن. ئۇ بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەي سىرتقا مېڭىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ھارۋا يولىغا بېرىپ، يۇمشاق توپىدىن بىر سىقىم ئېلىپ كاپ ئېتىپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ قىزى دادىسىغا ئېرىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن لوقمان ھېكىم كۈيئوغلىنى چاقىرتىپ كۈيئوغلىغا باشقىلارنىڭ ئۆز كېسىلىنى كۆرسەتكىلى بىرقانچە قېتىم كەلگەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ كېسەل كۆرسەتكىلى كەلمىگەنلىكىنى ھەمدە بۇنىڭدا نېمە سىر بارلىقىنى سوراپتۇ. لوقمان ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى قېيناتىسىغا ئەتىگەندە تۇرۇپلا بىر بۇردا نان

يېيىشىنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ كېلىپ، مۇبادا بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلىسەم تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كەلمەيمەن دەپتۇ. لوقمان ھېكىم ناھايىتى ئۇستا تېۋىپ بولسىمۇ كۈيئوغلىدىن سالامەتلىكنى ئاسراش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئەتىگەندە، ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن يەيدىغان بىر بۇردا ناننى «ناشتىلىق» ۋە «ناشتا قىلىش» دەپ ئاتىغانمىش، قانداق قىزىقمىكەن؟

شوپۇرمۇ مىجەزى ئوچۇق، خۇش چاقچاق، كەمتەر بۇ قىزنى ئەڭ يېقىن يول بىلەن ئىشقا ئۇلگۇرتۇپ ئەكېلىپ قويدى. سۇرەييا يۇگۇرۇپ دېگۇدەك بۆلۈمگە كىرىپ خالىتىنى ئالماشتۇرۇپ ئەتىگەنلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۆلۈمدە ياتاقمۇ ياتاق كىرىپ بىمارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سورىدى. بىمارلارمۇ قاچانلا قارىسا ئاپتاپتەك كۈلۈپلا يۈرىدىغان، بىمارلارغا ئىللىق مۇئامىلىدە قىلىدىغان بۇ پەرىشتىسىنى كۆرۈپ ئاغرىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىشاتتى.

سۇرەييانىڭ بىمارلارنىڭ كۆڭلىنى بۇنچە مايىل قىلالىشىدا ئايرىم سەۋەبمۇ بار ئىدى. چۈنكى ئۇ باشقا دوختۇرلاردەك بىمارلارنىڭ فامىلىسىنىلا ياكى كارىۋات نومۇرىنىلا چاقىرىپ گەپ قىلمايتتى. پالانچى دادا، ئاكا، پالانچى تاغا، ھامما دەپ چاقىراتتى. كىچىك باللار بولۇپ قالسىمۇ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇكام دەپ چاقىرىشنى ئۇنتۇمايتتى. ھەربىر بىمارنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقان ئالامەتلىرىنى تەپسىلىي ئاڭلايتتى ۋە كۆرسەتمە بېرەتتى. شۇ بىمارغا ئىشلەتكەن دورا -

ئوكۇللارنىڭ ئۇنۇملۇك رولى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. ھەربىر تەكشۈرۈشنىڭ بىمارغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىنى ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. ئۇ ياتاقلارنى بىرەر قۇر ئارىلاپ بولغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى بىر ياتاقتا كىردى ۋە 42 - نومۇرلۇق كارىۋاتتىكى بىمارغا:

— پاھ - پاھ، شۇ تاغام بۈگۈن شۇنداق روھلۇق كۆرۈنىدىغۇ، چىرايىڭىزمۇ بۆلەكچىلا ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. قانداق تۈنۈگۈندىن بېرى كىچىك تەرەتىڭىز راۋانمۇ؟ رەڭگىچۇ؟ — دەپ بىر - بىرلەپ سوراپ چىقتى ۋە بىماردىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىرمۇبىر تەپسىلىي ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بۈگۈن سېلىۋاتقان بىر ئوكۇلنى كەملىتىدىغانلىقىنى، ياخشىلىنىشىنىڭ تېزلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

43 - نومۇرلۇق كارىۋاتنىڭمۇ ھەممە ئەھۋاللىرىنى سورىدى.

دوختۇر ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بىمارلارنىڭ رېتسېپلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تەكشۈرۈش قەغەزلىرىنى يېزىپ، يېڭى بالنىستقا ئالغانلارنى بىر تەرەپ قىلىپ دېگەندەك بىر كۈنلۈك جىددىيچىلىكتە قانداق بولۇپ كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ بۈگۈن كېچىلىك ئىسمېنىدا تۇرغاچقا بۆلۈمدە قېپقالدى. ئىشتىن چۈشىدىغانلار چۈشۈپ دوختۇر ئىشخانىسىدا يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ئەمدى ئۇھ دەپ ئولتۇرۇشىغا بىر بىمارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىزلەپ كىردى. ئۇنىڭ بىلەن بىمار ئۇستىدە پاراڭلاشتى...

سائەت ئاللىقاچان كەچ سائەت سەككىزدىن ئاشقان

بولىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىمار، بىمارلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى.

بىركەمدە سېستىرا قىزنىڭ سۈرەييا دوختۇر، كەچلىك تاماققا نېمە يەيسىز، بۇيرۇتۇپ قوياي دېگەندىلا ئۆزىنىڭ كەچلىك تاماق يېمىگىنى ئېسىگە كەلدى. ئەتىگەندىن بېرى تۈزۈكمۇ تاماق يېيەلمىگەن سۈرەييانىڭ ئىشتىھاسى ئاللىقاچان تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالى قانداقتۇر ئاخشامقى مۇشۇ چاغدا «هاياتلىق» بىلەن قىلغان پاراڭلىرى ئېسىگە كېلىپ قالدىمۇ قانداق دەرھال ئىشخانىنىڭ كومپيۇتېرىغا قارىدىيۇ، ئەمما خىزمەت ۋاقتى بولغاچقا قولى بارمىدى. كۆڭلى بولسا «هاياتلىق»نىڭ سىرلىرىدا ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ خىيال بىلەن خېلى كەمگىچە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۆز ـ ئۆزىگە نېمە ئۇچۇندۇر دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن سوئال قويۇپ كەتتى، نەچچە قېتىم كاللىسىنى سىلكىپمۇ، چېكىلىرىنى يېنىك ئۇۋۇلاپمۇ قويدى، خىيالىغا ھېچ نەرسە كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

توغرا، ئىلگىرىمۇ سۈرەييانىڭ تۇرمۇشىدا خېلى ـ خېلى ئۆزگىرىشلەر بولغان، ئەمما ئەقىللىق بۇ قىز ئۆزىدىكى ھەرقانداق تەشۋىشسىزلىقنى كونترول قىلالايتتى. قانداق ۋاقىتتا قانداق ئىشلارنى قىلىش، قايسى چاغلاردا نېمىلەرنى قىلماسلىقنى ئوبدان بىلەتتى. كاللىسىدىكى نورمالسىزلىقلارنى دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىنلا كەينىگە تاشلاپ قوياتتى ـ دە، دوختۇرخانا ئىچىگە كىرگەندە پۈتۈن ئەس ـ خىيالىنى بىر يەرگە يىغىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ خىزمەت قىلاتتى. ئۇ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا شۇنداق ياخشى

ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى. مەيلى ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر بولامدۇ ياكى باشقا ئىشلار سەۋەبىدىن بولامدۇ ئۆگىنىشكە تەسىر قىلغۇدەك ھەرقانداق ئىشنى سىنىپنىڭ تېشىدىلا ئۇنتۇپ كېتەتتى. سىنىپقا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كىرىپ، دەرسنى ئۆگىنەتتى. ئەلۋەتتە كۆڭۈلنى يىغەنلىمەك ئۇنداق ئاسان ئىشمۇ ئەمەس، مانا بۈگۈن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ يېتىلدۈرگەن ياخشى ئادىتى توسۇن ئاتتەك ئۇيان - بۇيان چاپچىپ يىغەنسىز كۆڭلىنى تىزگىنلىيەلمەيۋاتاتتى، قانچە قىلسىمۇ پىكىرىنى يىغالمايۋاتاتتى.

ئۇ كۆپ تىرىشتى، بۈگۈن كىرگەن يېڭى بىمارلارنىڭ كېسەللىك تارىخىنىمۇ يېزىپ پۈتكۈزۈۋەتتى ھەم باشقىلىرىنىمۇ قايتا - قايتا كۆرۈپ چىقتى. ھەر قېتىم يېڭى بىر كېسەللىك تارىخىنى قولغا ئالسا، ئاللىقانداق خىيالغا چۆككەنمۇ بولاتتى، ئەمما بېشىنى بىردەم - بىردەم سىلكىپ قوياتتى. ئەتىگەن تۈگۈۋالغان چاچلىرىمۇ چۇۋۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، بۇ ئايىغى چىقماس خىياللاردىن قۇتۇلماقچى بولدى ۋە ياتاقلارنى بىرمۇ بىر قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇخلايدىغىنى ئۇخلاپ سائەتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. ئۆزىمۇ خېلىلا چارچاپ قالغان بولغاچقا، دەم ئېلىش ئۆيىگە كىرىپ ئاغرىپ كەتكەن بەللىرىنى سەل رۇسلىۋالماقچى بولۇپ كارىۋاتقا يېنىچە ياتتى. ئادەتتە دوختۇرلار كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىش بولمىسا يېتىپ ئارام ئالالايتتى. بىمارلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، سېستىرالار ئويغىتاتتى. ئۇ سەل كۆزىنى يۇمۇۋېلىشنى ئويلاپ سېستىراغا قايتا جېكىلەپ قويۇپ ئىرىنچەكلىك بىلەن

كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، خىيالى بىر يەردە ئەمەس، سورەييادا ئۆيقۇ مۇشۇ كۈندىن باشلاپ ھارام بولدى. ئۇ ئۇخلىيالمىغانسېرى جىلە بولۇپ بىردەم ئۇيان بىردەم بۇيان ئۆرۈلەتتى، پىكىر ـ خىيالى ئاخشامقى پاراڭلار ئۈستىدە ئىدى. كۆڭلىدە «ھاياتلىق» بىلەن يەنە بىر كۆرۈشكۈسى باردەك قىلاتتى. ئەمما ئاخشامقى «ھاياتلىق»قا دېگەن قوپال سۆزلىرى ئۇنى يەنە قايتا ئېغىز ئاچۇرمايدىغاندەكمۇ قىلاتتى. قارشى تەرەپ نېمىشقا «ھاياتلىق» دەپ ئىسىم قويىدىغاندۇ دەپ توختىماي ئويلايتتى... ئۇ كىمدۇ، مېنى تونۇيدىغاندەكلا گەپ قىلىۋاتىدۇ. گەپلىرى ئاندىن ئورۇنلۇق ھەم شۇنداق قىزىقچى...

ئايىغى چىقماس خىياللار بىلەن تاڭ ئېتىپ كەتتى. كارىدورلاردا ئالدىكىملەرنىڭ مېڭىشىپ يۈرگەن ئاياغ تىۋىشى، سېستىرا قىزنىڭمۇ داۋالاش ھارۋىسىنى ئىتتىرگەندىكى ئاۋازلىرى، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقنىڭمۇ چاس ـ چاس قىلغان ئاۋازلىرى ئۇنىڭ گۈزەل ھەم شېرىن خىيالىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك ياتاقلارنى تېزراق تەكشۈرۈۋېتىپ بۆگۈنكى خىزمىتىنى بالدۇراق ئاخىرلاشتۇرغۇسى كەلدى بولغاي، تازا خۇشياقمىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەتىگەنلىك خىزمەت تاپشۇرۇش دەپتىرىگە ئۇنچىدەك خەتلىرى بىلەن كېسەلخانىنىڭ 24 سائەتلىك ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قىسقىچە خاتىرە قالدۇرۇۋەتتى. يېڭى بىر كۈن، يېڭى بىر ھاياتلىق. باشقا دوختۇر سېستىرالارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئىشقا كېلىشكە باشلىدى، ھەممىسى بىر ـ بىرى بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى.

ئائىلىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بولامدۇ، كېسەلخانىدىكى ئىشلار بولامدۇ، يولدا ئۇچراتقان ئىشلار بولامدۇ، شۇ قىسقىغىنە كىيىم ئالماشتۇرغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا دېيىشىپ ئۈلگۈرۈشەتتى. ۋاقىتنىڭ توشقانلىقىنى ئىما قىلىشىپ خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

سۈرەييامۇ خىزمەت دوكلاتلىرىنى بېرىپ بولۇپ ئىشتىن چۈشكەنمۇ بولدى. كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ ئۇدۇل ئاپتوبۇس بېكىتى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. بېكەتتە ئادەملەرمۇ شالاڭلىشىپ قالغان، ئاپتوبۇسلارمۇ بوش ھەم ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتاتتى. ئەمما سۈرەييا قەدىمىنى قايسى ياققا ئېلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپلا تۇرۇپ قالدى. ئۆيگە بارسىمۇ بەرىبىر ئادەم يوق. چېچىلغان پىكىر ـ خىياللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغۇسى كېلىپ ماگىزىن ئارىلىغۇسى كەلدىيۇ، ئەمما بۇ نىيىتىدىن تېزلا ياندى. ئۇنى بۇنچە خىيال دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتكەن ئاشۇ بىر جۈملە گەپ ئۇستىدە ئويلىنىپ قالدى، كۆڭلىدە.

«توغرا، مەنمۇ بىر ئۇيغۇر قىزى بولغاندىكىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىدىكىدەك ياشاپ باقسام نېمە بولار؟ مەن كىچىك ئەمەس، ئەمدى بولغاندىمۇ ئۆزۈمنى تونۇۋالاي» دېدى ـ دە، بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ھاجىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ ھەر خىيال بىلەن ھاجىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەپمۇ قالدى. بەختىگە يارىشا ھاجىم ئانىسى ئۆيىدە ئىدى.

سۈرەييانىڭ ھاجىم ئانىسى تولىمۇ مېھرىبان، قاراشتىنلا ئىستىداتلىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا

تۇرىدىغان بۇ ئايالنىڭ ئىسمى ھۆرىيەت، ئائىلىدە يولدىشى بىلەن ئىككىسىلا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دۇنياسىدا بارى - يوقى ئىككىلا بالىسى بولۇپ بىرسى چەت ئەلدە بولغاچقا بىر - ئىككى يىلدا ئاران بىر كېلەتتى. قىزى بولسا ئاللىقاچان ياتلىق بولۇپ بىر ئائىلىنىڭ بېشى بولۇپ قالغاچقا، بۇلار بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللە بولالمىسىمۇ، كۈن ئارىلاپ يوقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇرەييانىڭ ئۆيىدىكىلىرى بۇ ئائىلىگە قەۋەتلا ئامراق بولغاچقا، پات - پات كېلىپ، بۇ بىر جۈپ قەدىردانىنى يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايتتى.
— ھاجىم ئانا، ھاجىم ئانا، سىزنى يوقلاپ كېلەلمىدىم، — دېگىنىچە كىرىپ كەلدى سۇرەييا.
— ۋۇي چىرايلىق قىزىم كېلىڭ.
— ئانا، سالامەت تۇردىڭىزمۇ، باي دادامچۇ؟
سۇرەييانىڭ باي دادا دېيىشىدىمۇ مەلۇم سەۋەبلەر بار ئىدى. ھۆرىيەتخانىنىڭ يولدىشى ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم بولۇپ، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، مەرد بولغاچقىمىكىن، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بالىلىرى كەلسە ئۇلارنى پەقەت قۇرۇق يولغا سالمايتتى. ھېچ بولمىغاندا بالام ئۇششاق - چۈششەك نەرسە ئېلىپ يەڭلار دەپ پۇل بېرىشنى ئۇنۇتمايتتى ھەم شۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپاتتى.
— ھازىر كىرىدۇ، بالام، ئۆيدە نان تۈگەپ قاپتىكەن. نانغا چىققىپ كەتكەن ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ھۆرىيەتخان.
— ھە ئەسلي مەن ئەكىرەي دېگەن، قارىسام چۈش ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. تاماق ئېتىپ قالساق دەپ سەيلا

ئاپتىمەن، سەل بالدۇر كىرگەن بولسام مەنلا ئەكىرەركەتمەن.

— رەھمەت، تاتلىق قىزىم.

— ھاجىم ئانا، بۈگۈن مەن سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن بىر تاماق ئېتىپ بېرەي. سىزنىڭچە لەڭمەن ئەتسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ قىزىم، بولىدۇ.

سۇرەييا بۇ ئۆيگە كەلسە قەۋەتلا خۇش بولاتتى، ئەمما بۈگۈنكىدەك پۇرسەت بەك كەم بولاتتى. تاماقنى تۈگۈش قىلىپ بولغۇچە، باي دادىسىمۇ كىرىپ كەلدى. ئەھۋاللىشىپ بولۇپ، ھەش - پەش دېگۈچە ھۆرىيەتخان بىلەن سۇرەييا تاماقنىمۇ تەييارلاپ ئۈچەيلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ يېيىشتى. سۇرەييا قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ھاجىم ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ھاجىم ئانىسى ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى بىلىشكە تېگىشلىك بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا قىلىش زۆرۈر بولغان نۇرغۇن تەربىيىلىك ھېكمەتلەرنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ كەچ كىرگىنىنى سەزمەيلا قالغانىدى. ئۆيگە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا سۇرەييا كېتىشكە تەمشەلدى. بۇنى كۆرگەن ھۆرىيەت ھاجىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ ياغلىقىنى تۈزىگەچ سۆز قىلدى:

— دەڭگا، نېمە يېگۈڭىز بار، قىزىم، ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بېرەي. باي دادىڭىز ئىككىمىز ئادەتتە كەچلىكى كۆپىنچە چاي ئىچىمىز، ياشتا چوڭىيىپ قالغاندا كەچلىك تاماقتىن ئېغىرراق يەپ قويساق تازا پايدا قىلمامدىكىن، ئەتىسى باش ئاغرىپلا قوپىدىغان گەپكەن.

— بولدى، رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلدىم. كەچمۇ

بولۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۆيگە قايتاي، كېچە ئىشلىگەن، ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل بۇ ئۆيگە كەلگەن. ئاپاملار ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

— تاماق يەپ ماڭمامسىز، بولمىسا ئۆيگە تېلېفون ئۇرۇۋېتەيلى، مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ.

— بولدى، رەھمەت ھاجىم ئانا.

— مەيلى بولمىسا، ئۆيگە كېتىمەن دېسە بەكمۇ زورلىمايلى، ئەمما چوقۇم كىرا ماشىنىسىدا مېڭىڭ، تېزرەك بارسىز، بېرىپ بولۇپ بىزگە تېلېفون ئۇرۇۋېتىڭ، مەڭ كىرا پۇلى، — دەپ سۇرەييانىڭ ھاجىم دادىسى يېنىدىن 50 يۈەن چىقىرىپ تۇتقۇزۇپ قويدى.

— بولدى چوڭ دادا، مەنمۇ مائاشلىق ئادەم تۇرسام، رەھمەت، بولدى ئالمايمەن.

— بولدى، ئېلىڭ قىزىم، چوڭ دادىڭىزغا بۇ گەپلەر كار قىلمايدۇ، خاپا قىلىپ قويىسىز.

— ئۇنداق بولسا ئالاي ئەمىسە، رەھمەت چوڭ دادا.

— پات ـ پات كەپ تۇرۇڭ.

— ھەئە.

ئالەمگە تۇن پەردىسى يېيىلغان بولسىمۇ، سۇرەييانىڭ دىلى شۇنچىلىك يورۇق ئىدى. گوياكى ئۇنىڭ يولىغا بىرسى چوڭ بىر مەشئەل يورۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك شۇ دەرىجىدە تۇسالغۇسىز كېتىۋاتاتتى. بۇ خىل ھېسسىياتنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. بۇ خىل سېزىم ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، «ھاياتلىق»قا تۇرۇپلا رەھمەت ئېيتقۇسى كېلىپ قالدى.

ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ. غەم قاقشىتىدۇ دېگەندەك ئىككى كۈن ئىلگىرىكى سوۋېيىانىڭ قەلبىدىكى قاراڭغۇلۇق بارا - بارا سۇزۇلۇشكە باشلىدى، ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرسا ئادەمنىڭ خۇيىنى ئالار، ھايۋاننىڭ يېنىدا تۇرسا ھايۋاننىڭ خۇيىنى ئالار، دېگەن ھەقىقەتەن توغرا گەپ بولسا كېرەك.

«ھاياتلىق» بىلەن نېمىشقىمۇ بالدۇراق تونۇشمىغان بولغىيتتىم دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ كەتتى. ئەمما تەنتەكلىك بىلەن قىلىپ قويغان گېپى ئۈچۈن بىئارام بولاتتى.

كىرا ماشىنىسى كەڭ كەتكەن ئاسفالت يولدا غۇيۇلداپ مېڭىپ ئۆيگە ئەكېلىپ تاشلىدى، ئۆي ئىچى قاپقاراڭغۇ، چىراغلارمۇ يېقىلمىغان، سوۋېيىانىڭ يۈگۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشى، ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ ئەمدى ئىشىكنى ئېچىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنىغا توغرا كەلدى - دە، كۆرۈپ بوگۈن ھاجىم ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنىڭ يۈزدە يۈز توغرا بولغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندى.

— ئەمدى كەلدىڭلارمۇ، مەن ھاجىم ئانامنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم، شۇ يەردىن كېلىشىم. باي دادام ماڭا 50 يۈەن بەردى. ئەمما سىلەرنىڭ نېمىگە بۇنچە خۇش بولۇپ كەتكىنىمنى بىلەيسىلەر.

— نېمىگە خۇش بولۇپ كەتتىڭىز؟

— ھەي. دېسەم گەپ ئۇزۇن، كېيىن دەپ بېرەي، ئەمما سىلەر ئەمدى كەپسىلەردە، مەن تېخى كەچلىك تاماق يېمىدىم.

— بىزنىڭ تويدىن يېنىشىمىز، نېمە يەيسىز؟

ئادەتتە كەچتە تاماق ئېتىلمىسە تەييار چۆپ بولسىمۇ ئىچىدىغان سۇرەييا:

ــــ ھە، چاي ئىچەي، ئازراق چاي ئىچسەملا بولىدۇ. ئۆزۈم دەملەي، ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، ــــ دېگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ گەپتىن ئاپىسى سەل ھەيران بولدىيۇ، ئەمما ئىنكاس قايتۇرمىدى.

سۇرەييا چاي ئىچىپ بولۇپلا، كومپيۇتېرنى ئاچتى، ئۇ «ھاياتلىق»نىڭ بار بولۇشىنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما تۇيۇقسىز قانداقتۇر قايسى كۈندىكى قوپاللىقىدىنمۇ، ياكى قىزلىق غۇرۇرىدىن ئەندىكتىمۇ، بىردەم جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئادەم گۈلدىن نازۇك، تاشتىن قاتتىق ئەمەسمۇ، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئۇ توردا يوق ئىدى.

سۇرەييا كۆڭلىدە ئۇنىڭ بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئۆنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى تېخىمۇ خالايتتى. ئۇ گەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ، سۇرەييانىڭ گەپ قىلىپ بېرىش خىيالىمۇ بار ئىدى.

باشقا تور بەتلىرىنى ئېچىپ باقتى، ئەمما پات ـ پات قاراپ ئۇنىڭ تورغا چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئۇچۇر سىگنالىنى ئاڭلاپ يۈرىكى شۇ دەرىجىدە سوقۇپ كەتتى. بۇ نېمە ئىشتۇ ئەمدى؟ قارىسا بىر تال گۈلنىڭ بەلگىسى تۇراتتى، ئارزۇيىدىكىدەك «ھاياتلىق»نىڭ ئەۋەتكەن گۈلى ئىدى.

ئەمما قىز بالا ھەقىقەتەن مەنمەنچى كېلىدۇ قانداق، سۇرەييا گۈلنى كۆرۈپلا قېتىۋالدى ـ دە، سۇنۇق گۈلنىڭ

بەلگىسىنى ئەۋەتىپ قويىدى.
— نېمە بولدىڭىز گۈزەل قىز، تىنچلىقمۇ؟
— تىنچلىق.
ئۇ بۇ خەتنى قانداق يېزىۋەتكىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئەمما دەپ بولغان گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولاتتىمۇ. سۇرەييا شۇنى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايتتىكى، ئۇ مۇشۇنداق قايتا پاراڭلىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدى؟
ئېكراندا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتىلگەن رەسىملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى، چىرايلىق توي كۆڭلىكلىرىنىڭ، مەنزىرىلىك جايلارنىڭ، ئوماق ھايۋانلارنىڭ، يەنە كىچىك باللارنىڭ رەسىملىرىمۇ بار ئىدى.
بۇ رەسىملەرنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتكەن سۇرەييا بىلىپ ـ بىلمەي ھاياجىنىنى ئاشكارىلىۋەتتى:
— پاھ نېمىدېگەن چىرايلىق، ماۋۇ كىچىك باللار نېمىدېگەن ئوماق!
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى يەنە باشلىنىپ كەتتى.
— شۇنداقمۇ، ئوماقمىكەن؟
ئېكراندا يەنە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى گۈزەل ئىمارەتلەر، پارىژدىكى ئېيفىل مۇنارى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا پاراڭ پارىژدىن چۈشتى.
— نېمە، پارىژنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلامسىز؟
— ئەلۋەتتە، ئۇ دېگەن رومانتىك مۇھەببەت شەھىرى تۇرسا.
— ھەئە، كىشىلەر شۇنداق دېيىشىدىكەن...

تۇيۇقسىز سۇرەييانىڭ كومپيۇتېرى ئۆچۈپ قالدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتا قوزغاتقان بولسىمۇ ئەمما خېلى ۋاقىت كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، كومپيۇتېرىم بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ، قايتا قوزغاتتىم. سۇرئىتىمۇ بەك ئاستا، بايامقى خېتىڭىزنى كۆرەلمىدىم. نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ ئۇچۇر يوللاپ قويدى سۇرەييا.

— ھە شۇنداقمۇ، قارىسام يوقاپ كەتتىڭىز، مەن تېخى چىقىپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن.

— ھەرقانچە بولسىمۇ خوش دەپ قويۇپ چۈشەرمەن، — دەپ يازدى سۇرەييا خۇددى كونا تونۇشلىرىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك.

ئۇلار بۇگۈنمۇ شۇنداق قىزغىن پاراڭلاشتى، سۇرەييانىڭ كۆڭلىچە بولسا تېخىمۇ ئۇزۇنراق پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. بىراق ئېكراندا قارشى تەرەپنىڭ مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى. كېيىن پاراڭلىشايلى دېگەن خەتلىرىنى كۆرۈپ ئامالسىز ماقۇل بولغاندەك:

— ھە بولىدۇ، كەچ بولغاندا سىرتقا چىقمايدىغانسىز...

— ياقەي، بولىدۇ ئەمىسە، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ... — دەپلا قارشى تەرەپ چۈشۈپ كەتتى.

سۇرەييا بولسا خوش دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى. كۆڭلىدە بىرخىل ئىللىق سېزىم تېپىرلايتتى. كېچە تۇنۇگۈن كېچىچىمۇ ئۇخلىمىغاچقا ئۆزىنى خېلى چارچىغاندەك ھېس قىلغان ئىدى.

— پاھ! نېمىدېگەن گۈزەل يەردۇ بۇ...؟ چوڭ بولۇپ ھازىرغىچە ئەزەلدىن بۇنداق چىرايلىق يەرنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

— ھەئە، بەك چىرايلىق.

— خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك. مەن بولسام بەئەينى مەلىكىدەك.

— رىۋايەتلەردە ۋېلىسىپىت يوق.

— ھەئە توغرا دەيسىز، يوق، قارىماسىز، ھەرخىل گۈللەر بۇ چىرايلىق دەرەخلەرگە يۆگىشىۋاپتۇ، بۇنى دەرەخ گۈل دېيىش كېرەكمۇ ياكى گۈل دەرىخى دېيىش كېرەكمۇ، ئەتىرگۈلمۇ مۇشۇنداق چوڭ ئېچىلامدۇ؟

— قىزچاق چىك ئولتۇرۇڭ، يىقىلىپ كەتمەڭ يەنە، يىقىلىپلا كەتسىڭىز سىزمۇ گۈللەرگە ئوخشاش دەرەخلەرگە يامىشىۋالماڭ ـ ھە!

— ئەسكى، بەك ئەسكى ئىكەنسىز، ئۇنداق بولسىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، مەن گۈلگە ئايلىنىپ قالسام سىزمۇ بۇلبۇلغا ئايلىنىسىزدە، كۈندە بۇ گۈزەل يەردە بىللە بولالايمىز. سىز ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىسىز...

— بولدى، مەن سىزگە ھازىرلا ناخشا ئېيتىپ بېرەي، بۇلبۇل گۈل بار يەردە، ھۆرمەت دوست بار يەردە. مەن ئېيتىپ بېرەي، — ئۇلار شۇنداق خوشال ھالدا دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇلار شۇ دەرىجىدە خۇشال ئىدىكى، گوياكى جەننەت كەبى دۇنيادا پەقەت ئىككىسىلا مەۋجۇتتەك. قىز چىرايلىق قولۇلە قاپىلىرىنى تېرىپ ئويناۋاتاتتى. يىگىت مۇستەھكەم

بىر قورغان ياسىدى ھەم قورغاننىڭ ئالدىغا يوغان ھەم ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ «مەن سىزنى سۆيىمەن، ماڭا ياتلىق بولۇشنى خالامسىز» دەپ يازدى. يازغان خەتلىرىنى يۇرەك ئىچىگە ئېلىۋېتىپ قىزنى چاقىردى.

قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— قورغان... سىز ياسىدىڭىزمۇ؟... ئۇ نېمە خەت... — قىز تېخى ئوقۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيلا غايەت زور بىر دولقۇن خەتنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى.

— ياق ياق، مەن تېخى ئوقۇپ ئۈلگۈرمىگەن، — دېگىنىچە دولقۇنغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

— توۋا، توۋا دەيتتى — ئۇ ئويغىنىپ، — مەن ئىلگىرى مۇشۇنداقمۇ چۈش كۆرگەن بولغىيمىتتىم! راستتىنلا چۈشۈم ئىكەنغۇ، مەن نېمىشقا ئويغىنىپ كەتكەندىمەن. مەن تېخى ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىدىم. كۆرگىنىم ئۇنىڭ كىچىك، ساغلام، تومپىيىپ چىققان تۇرغان مۇسكۇللىرىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ... مەن پەقەت شۇنىلا كۆردۈم، تېخى تاڭ ئاتمىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇيقۇلىرى قېچىپ باياتىن كۆرگەن چۈشتەك شېرىن خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈردى. مۇشۇ كۈنلەردە خىيالچان بولۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى. دۇنيادا ئادەمنى ئەڭ چارچىتىدىغان ئىش ئەھمىيەتسىز خىيالغا چۆمۈش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلسىمۇ، بىراق كۆڭلى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس ئىدى.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. توردا ئالىلىنېمىلەرنى ئىزلەش باھانىسى بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ بىر نېمىنى

كۆتۈۋاتقاندەك ئۆلتۈرۈپ كېتىدىغان سۈرەييانىڭ ئەنسىزلىك قاپلىغان چىرايى ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىپ ئەنسىرىتىپ قويدى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماق ئۈستىدە ئاپىسى ئۇدۇللا سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز، خىزمەتتە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، كەيپىياتىڭىز بەكلا ناچارغۇ؟

— ياق ئاپا، ھېچ ـ ھېچ ئىش بولغىنى يوق. ھە بىر ماقالە يازماقچى ئىدىم. شۇنى يازالمىغانسېرى جىلە بولۇپ...

— ھە شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، توردىن ئىزدەپ باقتىم، بىراق...

سۈرەييانىڭ كۆڭلىدە ئىزدەۋاتقىنى قانداقتۇر ماقالە بولماستىن بەلكى مەۋھۇم دۇنيارىدا يولۇقتۇرغان... ھەتتا چۈشلىرىدىمۇ ئارام بەرمەيۋاتقان «ھاياتلىق» ئىدى.

— بەك جىددىيمۇ؟

— بەكمۇ جىددىي ئەمەس، ئەمما يازمىسام بولمايتتى، دوختۇرخانىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرسام كېيىنچە پايدىسى بولۇپ قالاتتى.

— ئەمىسە مەن ياردەملىشەيمۇ؟

— ياق ئاپا، رەھمەت، ئەمىسە مەن ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم، — دەپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپلا تورنى ئاچتى.

ھاياتلىقنىڭ توردا بولۇشى ئۇنى پەۋقۇلئاددە خۇشال قىلىۋەتتى.

— تىنچلىقمۇ، ئۇستاز.

— ئۇستاز، بۇ گەپ قىزىق ئاڭلىنىدىكەن.

سۆرەييا تېخى ئىسمىنىمۇ بىلمىگەن، دەسلىپىدە پاراڭلىشا ـ پاراڭلاشمايلا جىددىي نەسىھەت قىلغان «ھاياتلىق»نى ئۇستاز دەپ چاقچاق قىلىۋاتاتتى.

ــ ھە، كەچكىچە تورغا چىقىپ كىملەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتىسىز؟

ــ بىرسى بىلەن پاراڭلاشمىدىم.

سۆرەييانىڭ ئىبغىزىدىن ئەلۋەتتە سىزنى ئىزلەپ چىقتىم دېيىشكە تىلى بارمايتتى. شۇڭا مۇۋاپىق گەپ تاپالماي، ئاغزىغا كەلگىنى بويىچە ئۇچۇر يوللىدى:

ــ ھە شۇ بىر ماقالە يازىدىغان ئىش ئىدى. پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىرەر ماتېرىيال بارمىكىن دەپ ئاچقان ئىدىم. قارىسام ئۇستاز بار ئىكەن، سالام قىلىپ قويدۇم.

ــ ھە شۇنداقمۇ؟ كۆپ تەشەككۈر، نېمە تېمىدا ماقالە يازماقچى ئىدىڭىز؟ مەن ياردەم قىلالايمۇ؟

ــ نېمە، سىزمۇ؟ مەن كەسىپكە ئائىت ماقالە يازماقچى ئىدىم، بولدى رەھمەت.

ــ ما گەپنى كۆرۈڭ، سىزگە دېسەم مەندەك ئادەمگە ئۇچرىغىنىڭىز تەلىيىڭىز، دانا ۋە زېرەك ئادەمنى دوست قىلىپ تاللىماق زۆرۈردۇر.

ــ ۋايجان، لوقمان ھېكىمنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرى يەنە باشلاندىغۇ.

ــ ھاجەتمەن كىشىلەرنى نائۇمىد قايتۇرما دەپتىكەن. سىزگە بىر ياردەم قىلاي، دەڭا قانداقراق ماقالە يازماقچى ئىدىڭىز؟

سۈرەييانىڭ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ئەمما ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىمۇ تېخى بىلمەيدىغان تۇرسا، ئەمما ئۇ دەماللىققا شۇ دوختۇرلۇققا ئائىت ماقالە، ئىلمىي ماقالە بولسا تېخى ياخشى دەپ قويدى.

— بۇ ئاسان، ئەمىسە مەن تەييارلاپ سىزنىڭ خەت ساندۇقىڭىزغا يوللاپ قوياي، شۇ يەردىن كۆرۈۋېلىڭ.

— يىگىت، ئىلمىي ماقالە يازىدىغان ئىشنى چاقچاق ئورنىدا كۆرۈۋاتامسىز نېمە؟ ئۇ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. بىر جۈپ قىز - يىگىتنى تەسۋىرلەپلا ھېكايە يازىدىغان ئىشمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ.

— بۇنى ھازىر بىر نېمە دېيىشمەيلى، ماڭا قىزىق گەپ بولسا بىرنى دەپ بېرىڭە.

— نېمە دەيمەن.

— نېمە بولسا مەيلى.

— مەن قىزىق گەپ بىلمىسەم، ئەمما سىزگە تېپىشماق دەي تاپالامسىز؟

— ھەئە دەڭا.

— سىز بىر قاراڭغۇ ئورمانلىقتا كېتىۋاتىسىز، يول ئۇزۇن، سەپەر مۈشكۈل، سىزگە ھەمراھ بولۇپ تۆت خىل ھايۋان بىللە ماڭىدىكەن. ئۇلار پىل، يولۋاس، ئىت، توز قاتارلىقلار، ئەمما يول يىراق. سىز بۇلارنى بىللە ئېلىپ مېڭىشقا ئامالسىز. شۇڭلاشقا بۇلارنى بىر - بىرلەپ تاشلىۋېتىشقا توغرا كېلىدىكەن. سىز ئاۋۋال قايسى ھايۋاننى تاشلىۋېتىسىز؟

— ئاۋۋال يولۋاسنى تاشلىۋېتىمەن.



www.uyghurkitap.com

— ئاندىنچۇ؟
— ئاندىن پىلنى، ئىتنى، ئاخىرىدا توزنى تاشلىۋېتىمەن.
— سىزگە دېسەم يولۇاس بايلىققا، توز مەڭگۈلۈك ھەمراھىڭىزغا (ئايالىڭىزغا)، ئىت دوستىڭىزغا، پىل بولسا ئاتا ـ ئانىڭىزغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.
— قارا! ماۋۇ شەيتاننىڭ گېپىنى، ئەمىسە دەڭە سىز قايسىسىنى ئاۋۋال تاشلىۋېتىسىز.
— مەن ئىشقىلىپ پىلنى ئېلىپ قالاتتىم، چۈنكى ئۇنىڭغا مىنىپ ماڭىمەن ئەمەسمۇ؟
— بۇمۇ ياخشى جاۋابكەن.
— ئادەتتە كۆپىنچە ئوغۇللار توزنى ئېلىپ قالىدىكەن.
— ئاياللار ئاۋۋال توزنى تاشلىۋېتىدىكەن.
— شۇڭا قىز بالا دېگەن ۋاپاسىز كېلىدۇ ئەمەسمۇ، چاقچاق ـ ھە، خاپا بولماڭ.
— ئەسكى.
پاراڭ شۇنداق قىزىۋاتقاندا سۇرەييانىڭ كومپيۇتېرى يەنە ئۆزلۈكىدىن تاقىلىپ قالدى.
ئۇ دەرھال قوزغىتىپ QQ نى قايتا ئېچىۋېدى «ھاياتلىق» قايتا كۆرۈنمەي قويدى.
ئۇ خېلى ساقلاپ ئولتۇردى ئەمما ئۇ قايتا كۆرۈنمىدى.
ئەتىسى سۇرەييا ئىشقا بارمىغاچقا، ئۆيلەرنى بىرەر قۇر يىغىشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن يەنە كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇردى. «ھاياتلىق» يەنىلا يوق ئىدى. ئۇ كومپيۇتېرنى ئوچۇق قويۇپ ئۆزىنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ

تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچۇر سىگنالى كەلدى. سۇرەييا يۈگۈرۈپ كېلىپ كۆزنەككە قارىدى.

كۆتكەنندەك «ھاياتلىق»نىڭ تونۇش گۇلى (ئىشپادە سىگنالى) كەلدى.

سۇرەييامۇ بوش كەلمەي سۇنۇق گۈلىنى ئەۋەتىپ قويدى.

ــــ نېمە بولدىڭىز، گۈزەل قىز.

ــــ ھېچنېمە بولمىدىم، تىنچلىقمۇ؟

ــــ ھە ياخشى رەھمەت، ئاخشام چۈشۈپ كەتتىڭىزغۇ، شۇڭا مەنمۇ چۈشۈپ كەتكەن ئىدىم.

ــــ ھە، سىز بىلمەيسىز، كومپيۇتېرىم بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ، پات ـ پات ئۆچۈپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئاخشام تېزلا ئاچقان ئىدىم، سىز يوق.

ــــ ئەمىسە مەن، كۆرۈپ باقايمۇ؟

ــــ قانداق ئوڭشاپ بېرىسىز، مەن نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمەن بۇنى.

ــــ ئاپئاق قىز، كۆتۈرۈپ يۈرمەيسىز؟ مەن بۇ يەردە كونترول قىلىپ كۆرىمەن.

ــــ قانداق قىلىپ.

ــــ ماڭا (يىراقتا كونترول قىلىش)نى ئەۋەتىڭ، ئاندىن قالغىنىنى مەن دەپ بېرىمەن.

سۇرەييا «ھاياتلىق»نىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى.

ــــ ئەمدى سىز كومپيۇتېرغا تەگمەڭ، مەن كۆرۈپ باقاي.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن «ھاياتلىق» ئۇچۇر ئەۋەتتى.



www.uyghurkitap.com

— كومپيۇتېردا ۋىرۇس بەك كۆپ ئىكەن، مەن تازىلاۋاتىمەن. ئىشىڭىز بولسا قىلىۋېرىڭ، مەن ئوڭشاپ قويىمەن.

سۇرەييانىڭ ئۆنىڭغىچە تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇ تېلېفون بىلەن بولۇپ خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ئالاھەزەل 40 مىنۇتلاردىن كېيىن كۆزنەككە يەنە ئۈچۈر سىگنالى كەلدى.

— ھە ئوڭشاپ قويدۇم، ئەمدى ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ.

— سىز بارمۇ؟

— سىز بارمۇ؟

سۇرەييا تېلېفوندا پاراڭلىشىپ بولۇپ، دادىسى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ قالغان ئىدى. يۈگۈرۈپ كىرىپ تېزلىپ كەتكەن ئۇچۇرلارنى كۆردى ـ دە، دەرھال خەت ئەۋەتتى.

— كەچۈرۈڭ، مەن بار.

— ھە، ئوڭشالدى، كۆرۈپ بېقىڭ.

دېگەندەك كومپيۇتېرنىڭ سۈرئىتى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېزلىشىپ قالغان ئىدى.

— ۋاي ئوڭشىلىپتىغۇ، رەھمەت سىزگە.

— رەھمەت دېمەڭ، مەن چۈشەي، ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

سۇرەييا ئارتۇق گەپ ـ سۆز قىلمىدى. كۆنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. دېگەندەك سۇرەييانىڭ ئېلېكترونلۇقساندۇقىغا ئىككى پارچە خەت كەلدى.

بىر پارچىسى ئىككى قۇرمۇ كەلمىگۈدەك خەت بولۇپ ئۇنىڭغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تىنچلىقمۇ؟ ماقالىنى يېزىپ

www.uyghurkitap.com

قويدۇم، بىلمىدىم پايدىلىنىش قىممىتى بارمۇ ـ يوق، ئۆزىڭىز كۆرۈپ باقارسىز. ياخشى بولمىسا ئۇچۇر ئەۋەتىشىڭىزمۇ بولىدۇ! ئەمىسە سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، خەير! ئامان بولۇڭ» دەپ يېزىلغانىدى.

خەت ئەنە شۇنداق ھەم ئاددىي، ھەم مەنىسى چوڭقۇر يېزىلغانىدى.

ئىككىنچى پارچىسى، «بۆرەك زەئىپلەشكەن بىمارلار تۇرمۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك» دېگەن تېمىدىكى ماقالە بولۇپ، خېلى سالمىقى باردەك قىلاتتى. سۈرەييا ئوقۇپ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ھەقىقەتەن ئىلمىيلىكى بار بولۇپ، مۇشۇ كۈنلەرگە كەلگۈچە بۇنداق جۈملىلىرى راۋان ھەم چۈشىنىشلىك ماقالىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھاياجىلىنىپ كەتتى.

تۇۋا، بۇ ماقالىنى راستتىنلا ئۆزى يازغانمىدۇ، ئۇنىڭ خۇددى نەچچە ئون يىللىق دوختۇرلۇق تەجرىبىسى باردەك يازغان ماقالىلىرىگە قاراپ بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ھاياتلىقتا بولغان ھۆرمىتى بۆلەكچىلا ئۆزگەرگەندەك بولۇپ كەتتى ـ دە، دەرھال بارماق دىسكىغا كۆچۈرۈۋالدى. ئارقىدىنلا ھاياتلىققا قارىتىپ تەشەككۈر خېتىنى يوللىۋەتتى.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ماقالىڭىزنى ئوقۇدۇم، بەك ياخشى چىقىپتۇ، ئەمما ھەقىقەتەن سىزنىڭ يازغىنىڭىزغا گۇمانىم بار. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن

سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. سىزگە يەنە شۇ گەپ، مەن ئانچە ئىشەنمىدىم. بىرەر يەردىن كۆچۈرمىگەنسىز. شۇنداق بولىدىغان بولسا يۈزلىنى تۆكمىسىز، ئەمما كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم بۇنداق ماقالىنى تۇنجى رەت كۆرۈشۈم.

يەنە بىر گەپ، سىز بەكلا ئالدىراشمۇ ـ قانداق، سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىڭىزنى بەكلا بىلگۈم بار. ئىشقىلىپ سودىگەر ئەمەس. ئەمما بەكلا ئالدىراشتەك بىلىندىڭىز. دوختۇر بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن سىزگە بىر گەپنى دەپ قويۇشنى توغرا كۆردۈم. ئادەم مال ـ دۇنيا تاپىمەن دەپ ئۆزىنى قىينىمىغۇلۇق، ئارام ئېلىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇڭ، ئارام ئېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم بىر بولسا ئېغىر قىينىلىپ قالىدۇ، بىر نامرات كىشى، بىر بولسا ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى، بىلدىڭىزمۇ، سالامەتلىكىڭىزنى كۆپ ئويلاڭ.

— ئاق خالاتلىق پەرىشتىدىن

سۇرەييا ماقالىنى دەرھال پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ، كۆچۈرۈپ چىقاردى. ماقالە توپتوغرا بەش بەتلىك ئىدى. سۇرەييا ھاياجاندا ماقالىنى يەنە بىر ئوقۇپ چىقتى.

ئەتىسى ئىشقا بارغاندا ماقالىنى يېتەكچى دوختۇرغا كۆرسەتتى. مۇدىرمۇ كۆرۈپ «راستتىنلا ياخشى ماقالە بوپتۇ. بۇنى سىز يازدىڭىزمۇ، بىلەتتىم سۇرەييا، سىز بەك تىرىشچان، ماقالىمۇ بەك ياخشى چىقىپتۇ، قارىغاندا خېلى كۈچ سەرپ قىلىپسىز» دەپ ماختاپ كەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ماختاشلار ئۇنى گەپ قىلدۇرمىدى. خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دېگەن سۇرەييا بۇ مىنىڭ ئەمەس، بۇنى

www.uyghurkitap.com

مەن يازمىغان دېگۈسى كەلدى ـ يۇ، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. كۆڭلىدە بولسا، بۇ ماقالىنى ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغۇسى كەلدى. مۇدىرى «مېنىڭمۇ بىر ماقالەم پۈتۈپ قالاي دېگەن، ئىككىسىنى بىللە ئېلان قىلدۇرۇپ قوياي» دەپ ماقالىنى ئېلىپ قالدى.

كۈنلەر ناھايىتى تېزلىكتە ئۆتۈۋاتاتتى. سۈرەييا ۋاقتى بولسىلا ھاجىم ئانىنىڭكىگە بېرىپ تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەرنى سوراپ ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ ھاجىم ئانىسىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئاپىسىغا بىرمۇ ـ بىر دەپ بېرەتتى. دادا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەتراپتىكى، جەمئىيەتتىكى قىزى بىلەن تەڭتۇش ياش قىزلارغا قاراپ قىزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ھەم قىزىغا يېڭى بىر تېلېفون سوۋغا قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

بىر ئۆيلۈك ئائىلە ھەرقانچە بەختلىك بولسا مۇشۇنچىلىك بولار ـ ھە، دەپ كېتەتتى ئۆز ـ ئۆزىگە ھەم كۆز تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر قوينى قان قىلىپ ئاجىز يېتىم ـ يېسىرلارغا بېرىۋەتتى، ئەلۋەتتە سۈرەييانىڭ دادىسى ئاجىز ـ كەمبەغەللەرگە تولىمۇ مېھرىبان بىر كىشى ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات كېلىپ قارىشىپ بېرىدىغان بىر تۇل ئايال بولۇپ، ئۇلار ئۇنىمۇ خۇددى ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىدەكلا كۆرۈشەتتى. ياردەم قىلغىلى پۇرسەتلا بولسا ھەرگىز قاراپ تۇرمايتتى.

قايغۇ بىلەن خۇشاللىق قوشماق دېگەندەك ئائىلىسىدىن، خىزمەتتىن خوشال سۈرەييانىڭ كۆڭلىدە ھېچ ئىنسانغا دېگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر غەم ـ قايغۇ بار

ئىدىكى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ھېچ چىداشلىقى قالمىغان ئىدى. دېمىسىمۇ، بىر مەۋھۇم دۇنيادا زەپىران بولغان ئادەمگە كىمنىڭمۇ ھېسداشلىقى كەلسۇن، كىممۇ توغرا چۈشەنسۇن، ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزىدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەم چۈشەنمەس ئېھتىمال.

بەزىدە ئۆزىمۇ چۈشەنمەي قالاتتى. شۇڭا ئىنسانغا تىنماي ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئەمما شۇنداق جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭدىكىسى ئىشق ئىدى. يار ئوتىنىڭ يارىسى يوق، ياردىن باشقا دورىسى يوق، ئەمما دورىمۇ، يارمۇ يوق، بۇ قانداق ئىشق ئۆزى.

بەزىدە ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ نېمە مەن، يا مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىسام، ئۇ زادى قانداق ئادەم؟ 25 ياشلىق يىگىتمۇ، يىگىت بولغاندىمۇ قانداقراق يىگىت؟ ياكى 32 ياشلىق توختالغان ئادەممۇ، ئاقمۇ ـ ساقمۇ... ؟ بۇلار توغرىسىدا ئويلانغىنىدا مېڭىسى چاراسلاپ كېتەتتى. ئۇمىدى شۇكى، ئۇنىڭ مۇكەممەل بىر ئادەم بولۇشى، ئۇنداق ئادەم بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ كىشى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باققۇسى، ھېچ بولمىغاندا رەسىمىنى بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالغۇسى كېلەتتى. ئەمما بۇلارغا ئۇنىڭ ھېچ بىر ئامالى يوق ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بىر قىز بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىراپ ـ تېنەپ بۇ تەلەپلەرنى دېيەلمەيتتى.

شۇنداق بىر كۈن بولدىكى، ئۇنىڭ بىلەن قايتا يەنە شۇ مەۋھۇم دۇنيادا كۆرۈشتى.

ــــ تىنچلىقمۇ، گۈزەل قىز.

ــــ تىنچلىقمۇ؟

— بۇ بىرنەچچە كۈن ئالدىراش بولۇپ قالدىم. خېتىڭىزنى كۆردۈم، چاقچاق قىلىشقا ئامراق ـ ھە سىز؟
— دەڭە كەچلىك تاماق يېدىڭىزمۇ؟ نېمە يېدىڭىز؟ ئالدىراش ئەمەستۇ؟
— ...
— ئاپئاق خان بارمۇ سىز؟
سۈرەييانىڭ ئېغىزىغا پەقەتلا گەپ كەلمىدى، ئۇنىڭغىچە بولسا، نەچچە كۈندىن بېرى نەگە كەتتىڭىز، تورغا چىقمىدىڭىزغۇ؟ بۇگۈن ئالتە كۈن بولۇپ كەتتى دېگۈسى، ئۇنىڭغا باتىنغۇسى بار ئىدى. ئەمما بىچارە بۇ گەپلەرنى ھەرگىز ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. ئۇ تونۇشقاننىڭ بىرىنچى كۈنىلا «ھاياتلىق»نىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان ئەمەسمىدى؟
— ھەئە، مەن بار.
— دەڭا نېمە ئىشلار بىلەن يۈرۈيسىز؟ ئىشلەۋاتامسىز؟
— ھەئە.
— نېمە بولدىڭىز؟ گەپ قىلغۇڭىز يوقما؟
— بار.
يارنى تاپقاندا گەپ يوق، گەپنى تاپقاندا يار يوق دېگەندەك سۈرەييا نېمە دېيىشنى زادىلا بىلەلمىدى.
— نېمە بولدىڭىز، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ يا؟ ئالدىراش بولسىڭىز كېيىنچە پاراڭلىشايلى...
— ياق ـ ياق، ئۇنداق ئەمەس.
— ئۇنداق بولسا ياخشى. مەن سىزگە بىر يۇمۇر دەپ بېرەيمۇ، ئاڭلاشنى خالامسىز؟
— ھەئە.

— دەڭە، يامغۇرنى ياخشى كۆرەمسىز؟
— ھەئە.
— ئەمىسە ئاڭلاڭ، يامغۇرنى ياخشى كۆرىدىغان بىر قىز بار ئىكەن، بىر كۈنى قىز: «يامغۇر قانچە قاتتىق ياغسا، مەن شۇنچە خۇش بولۇپ كېتىمەن» دەپتۇ.
«سىز بەك رومانتىك ئوخشىمامسىز» دەپتۇ يىگىت. ئۇ قىز:
«نەدىكىنى، مەن دېگەن كۈنلۈك ساتىدىغان ئاددىي بىر قىز» دەپتۇ.
— قىزىقمىكەن؟
— ھەئە.
— يەنە بىرنى دەپ بېرەيمۇ؟ «يېڭى ئىش» دېگەن يۇمۇر.
— ھە!
ئايال: قەدىرلىكىم، ئەتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، مېنىڭ ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان يېڭى بىر ئىشنى قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئېيتىڭا، نېمە ئىشنى قىلسام بولار؟
ئەر: قازان بېشىغا بېرىڭ گۈزىلىم!
— قىزىقمىكەن؟
— ھەئە.
— ھە راست تېلېفون نومۇرىڭىز بارمۇ؟ دەپ بېرىڭە، مەن تورغا چىققان چاغلاردا سىزگە ئۇچۇر يوللايمەن. ۋاقتىڭىز بولسا پاراڭلىشارسىز. بولمىسا مېنىڭكىنى دەپ بېرەي، سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بولسا ئۇچۇر يوللىسىڭىز مەن نەدىن بولماي كومپيۇتېر ئالدىغا ئۇنۇپ بولىمەن. مېنىڭ نومۇرۇم ××××، ياردەم قىلىدىغان ئىش بولسا دېسىڭىزمۇ بولىدۇ.

سۈرەييا شۈنچىلىك خوش بولۇپ كەتتىكى، خۇددى دادىسى ھېيتلىق بەرگەن بالىدەك، گويا كى بىرسى چوڭ بىر سوۋغات بېرىۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— ھە، ساقلىۋالدىم.

— گەپ قىلىڭە.

— نېمە دەيمەن؟

— ئەمىسە، مەن چۈشەي، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، ئامان بولۇڭ، — دەپلا مەۋھۇم دۇنيادىن يوقاپ كەتتى.

ئۇ نېمانچە ئالدىراش ئەمدى، دەپ قاراپلا قالدى سۈرەييا.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى، ئىككىسى دائىم دىگۇدەك توردا پاراڭلىشىپ تۇردى. سۈرەييا دوختۇرخانىدا بولۇۋاتقان ئىشلار بولامدۇ، ئەتراپتىكى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار بولامدۇ، جەمئىيەتتىكى ئىشلار بولامدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئارزۇ - ئارمانلىرى توغرۇلۇق بولامدۇ، بىمالال پاراڭلىشالايدىغان بولدى. پەقەت ئۇنىڭ دېيەلمەيدىغىنى ئۇنىڭ ئوغۇز سۆيدەك پاك ھېسسىياتى ئىدى. توردىكى «ھاياتلىق» دائىم دىگۇدەك سۈرەييا غا نامسىز ياردەملەرنى قىلىپ تۇراتتى. سۈرەييا يولۇققان ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىپ بېرەتتى، كۆڭلى يېرىم بولغىنىدا تەسەللى بېرەلەيتتى. نەچچە قېتىم ماقالە يېزىپ ئەۋەتىپ بەردى. بۇ ماقالىلەرمۇ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندۇرۇلۇپ تۇردى، سۈرەييانىڭ خىزمىتىگە، تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولىدىغانلىكى ھەرقانداق ئىشنى ئەڭ ئاددىيسى تور ئادرېسلىرىدىن تارتىپ تەييارلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئارام ئالغىنىدا ئاڭلاش ئۈچۈن نادىر مۇزىكىلاردىن تارتىپ ئەۋەتىپ



www.uyghurkitap.com

بىرەتتى. ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بەزى مۇزىكىلارنى ئاڭلىغىنىدا سۇرەييا «ھاياتلىق»قا ھەيرانلىقى ئىشىپ باراتتى. ئۇ نېمىنى ئارزۇ قىلسا تۇرمۇشىدا شۇ پەيدا بولىدىغان بولدى، ھەتتا ئۇ سۇرەييانىڭ ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغىمۇ تەڭ تەييارلىق قىلىشىپ بەردى، ئەلۋەتتە ئۇ مەۋھۇم دۇنيادا، توردا پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. سۇرەييا بۇ جەرياندا «ھاياتلىق»نىڭ ياردىمى بىلەن توردىن ئەركىن پايدىلىنالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى.

ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى سۇرەييانىڭ ئىدارىسىغا پات ـ پات نامسىز گۈل، نامسىز پوسۇلكا، ھەتتاكى نامسىز كەچلىك مەززىلىك ئوخشىغان تاماقلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى ھەم بۇ كېلىۋاتقان سوۋغاتلارغا قاراپ سۇرەييانىڭ ئىچىپ ئۆلگۈرمەي قالغان چاغلىرىمۇ بولغان ئىدى، بۇ ھالنى كۆرگەن خىزمەتداشلىرى:

— سۇرەييا كىم بۇ؟ مۇھەببەتلىشىۋاتامسىز؟ بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويمامسىز، — دەپ سوراپ سۇرەييانى تېخىمۇ قىينايتتى.

ئەمما ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرەلىسۇن؟ بۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كەلگەن سوۋغاتلارنىڭ قىممەتلىكرەكلىرىنى ئىشلىتىشكە پېتىنالمايتتى، ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بۇنى قىلغان ئادەم ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، سۇرەييا بۇنىڭدىن ھەم ھەيران قالاتتى ھەم تەشۋىشكە چۈشۈپ قالاتتى.

بۇ سوۋغاتلار دەسلىپىدە قونچاق، كىتاب دېگەندەك نەرسىلەر بولسا، بارا - بارا سالمىقىنىڭ خېلى ئېغىرلاپ قېلىشىغا قاراپ سۈرەييالا ئەمەس، باشقا خىزمەتداشلىرىمۇ:

— سۈرەييا دىققەت قىلىڭ، كىملىكىنى بىلمىسىڭىز ئەمدى ئىشلەتمەڭ، — دەپمۇ قويۇشاتتى.

بۇ ھالنىڭ ھەممىسىنى يىپ - يىڭنىسىگىچە «ھاياتلىق»قا بىرىپ دوكلات قىلاتتى، قەلبىدىكى قورقۇنچ، ۋەھىملىرىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرەتتى ھەم بۇنى ياخشى ئەھۋال ئەمەس دەپ گۇمانىي قاراشلىرىنى دەپ بېرەتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا قارشى تەرەپتىن:

— ۋاي ۋۇي، نېمىدىن ئەنسىرەيسىز، بىمالال ئىشلىتىۋېرەمسىز، ماڭا شۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم بولماس ئىدى، ماڭا سوۋغات بېرىدىغان ئادەممۇ يوق، سىز بەك تەلەيلىك ئىكەنسىز، سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىڭىزدۇر بەلكىم، ئەنسىرىمەڭ، قورققۇدەك ئىش يوق، — دېگەن تەسەللى ئۇچۇرلىرى كېلەتتى. بەزىدە چاقچاق قىلىپ، — ئاشىق چوكانغا ئات تېزىكى ئالتۇن كۆرۈنۈپتۇ دېگەندەك بۇ سوۋغاتلارنىڭ ئىگىسىگە قىزىقىپ قالدىڭىزمۇ يا، — دەپ تېرىكتۈرۈپمۇ قوياتتى، بەزىدە، — تاتلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن، ھالۋىغا تۈز قۇيار دېگەن شۇدە، ھەي... — دەپلا قوياتتى.

بۇنداق چاغلاردا سۈرەييا «ئەسكى» دەپ بىر ئېغىزلا جاۋاب قايتۇراتتى، سامۇ چۈجىنىڭ چۈكۈلدىشىغا خۇش دېگەندەك بۇ گەپنى يەنە بىر ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغان «ھاياتلىق»مۇ ئۇنى تولا تېرىكتۈرىدىغان بولۇۋالدى.

— ئەسكى، ئەسكى...

هەي، سۆيگۈ ئۇلۇغ نەرسە، تۇنجى مۇھەببەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى يوشۇرغىلى بولمايدىغان مەخپىيەتلىك، ئۇ ھەم كىشىلەرنىڭ سىرىنى قىلىشىدىن قورقىدۇ، ھەم كىشىلەرنىڭ بىلىشىنى خالايدۇ. ئۇ بىرخىل تاتلىق ئازاب ۋە كىشى قىينىلىدىغان خۇشاللىق، ئەمما بۇ قانداق مۇھەببەت، تۇتاي دېسە تۇتقىلى، كۆرەي دېسە كۆرگىلى بولمىسا. سۆزلەي دېسىمۇ سۆزلىيەلمىسە، پەقەت بىرلا نەرسە كۇتۈش، ئەمما قاچانغىچە كۇتىدۇ، بىر يىلمۇ، 10 يىلمۇ ياكى بىر ئۆمۈرمۇ.

ھازىر سورەييا ئۇچۇن كومپيۇتېر ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغاندەك پەقەت كومپيۇتېردىنلا خۇشاللىق تاپالايتتى. ھاياتلىق بىلەن قاچانلا كۆرۈشكۈسى كەلسە، تېلېفونغا ئۇچۇر يوللايدىغان بولدى ھەم ئۇمۇ دەرھال پەيدا بولاتتى. بەزىدە سورەييا بىۋاسىتىلا تېلېفون ئۇراتتى، ئەمما قاچانلا قارىسا ئېلىنمايتتى، ياكى بولمىسا توختىتىۋېتىلگەن بولۇپ چىقاتتى، بۇ ھالنى سورەييا ئاخىرى چىدىماي سورىدى.

— سىزگە تېلېفون قىلسام ئالمىدىڭىزغۇ؟

— ھەئە، ئالدىراش ئىدىم، ئۇچۇر يوللىسىڭىز مەن كومپيۇتېر ئالدىدا پەيدا بولىمەنغۇ مانا.

— بەزىدە توختاپ قالىدىكەنغۇ؟

— ھە، ئاشۇنداق بىر مۇلازىمىتى بار ئىكەن، بەزىدە تاقاتقۇزۇپ قويىمەن، ئەمما قىسقا ئۇچۇر كېلىۋېرىدۇ.

سورەييا يەنە ئارتۇق سوراشنى لايىق كۆرمىدى، چۈنكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ئارتۇق دەپ «ھاياتلىق»نىڭ نەزىرىدە

باشقىچە تەسىر بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي ئىككىنچىلەپ قايتا سورىمىدى.

سۇرەييا ئۈچۈن ھەم خۇشاللىق، ھەم ئەنسىزلىككە تولغان بۇ تۇرمۇش ئۇنى گاھى شادلىق كېمىلىرىدە ئولتۇرغۇزۇپ كۆز يەتكۈسىز دېڭىزدا سەيلە قىلدۇرسا، گاھى قايغۇ تۇمانلىرى ئارىسىغا چۆكۈرۈپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۇرمۇش گوياكى بىر تېپىشماق ئىدى.

ئەمما مەيلى دېڭىزدا ئۈزگەن چاغلىرى بولسۇن ۋە ياكى ھاۋادا پەرۋاز قىلغان چاغلىرى بولسۇن يەنىلا «ھاياتلىق» ئۇنىڭغا سۈنئىي ھەمراھدەكلا ئىدى، گاھى ئۇنىڭغا رادار بولسا، گاھى ماياك بولاتتى، شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ بۇ ئۇستازىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ ئاشۇ قىزلىق غۇرۇرى ھەممىسىنى كونترول قىلاتتى. توغرا، «تۇنجى قېتىم ئىشق ئوتىدا كاۋاپ بولغان قىزنىڭ قالقىنى غۇرۇر، يەنە غۇرۇر دۇنيادىكى ئەڭ سەزگۈر، ئەڭ ئاجىز نەرسە»، ئەمما سۇرەييا مۇنچە يېنىكلىك بىلەن غۇرۇرنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى، شۇڭلاشقىمىكىن ئۆزىنى بار ئامالى بىلەن تۇتۇۋالاتتى. ھېلىمۇ تەلىيىگە ئۇ كىچىككىدىلا شۇنداق غەيرەتلىك ئىدى، ئىناۋەتنى ئالتۇندىن قىممەت دەپ بىلەتتى، تاشقى ۋە ئىچكى ئامىل بۇ قىزنىڭ ئىرادىسىگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

ئۇ بىر تەرەپتىن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاچ، ئۆزى قىزىقىدىغان فرانسۇز تىلىنىمۇ ئۆگىنىپ ماڭاتتى، چۈنكى بۇ ئەقىلمۇ «ھاياتلىق»نىڭ كۆرسەتمىسىدىن كەلگەن ئىدى.

خىزمەتتىكى ئىپادىسىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشى ئىدى، بىلىم سەۋىيىسى خۇددى يازدا كەلگەن دەريا سۈيى شىددەت بىلەن ئۆرلىگىنىگە ئوخشاش بارغانسېرى ئۆسۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن ھەممە ھەيران بولۇشاتتى، نۇرغۇن كىشىلەر تۇنجى مۇھەببەت ياشلارنى تەركىدۇنيا قىلىۋېتىدۇ دەپ قارىشىدۇ، بۇ بەلكىم راست ئېيتىلغان سۆز بولۇشى مۇمكىن. بىراق سۇرەييادا نىسبەتەن ئوخشىمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسە سۇدىكى ئاي شولىسىدەك قانچە گۈزەل بولغانسېرى شۇنچە يىراقتىكى مەۋھۇم نەرسىدەك ئۆز - ئۆزىگە مەدەتلەرنى بېرەلەيتتى، ئەلۋەتتە بۇنىڭدىمۇ «ھاياتلىق»نىڭ تەسىرى زور بولغان ئىدى.

مانا ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى چىقىدىغانغا ئاز قالغان ئىدى، سۇرەييا ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنسىمۇ، ئەمما يۈرىكى ئەنسىز سوقاتتى.

تېلېفوندا «مۇبارەك بولسۇن، ئاسپىرانتلىققا ئۆتۈپسىز، سىزنى تەبرىكلەيمەن» دېگەن خەتنى بۇنچە بالدۇر كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدى.

خۇشاللىقىدا تېرىسىگە پاتمىغان سۇرەييا يىغىن ئىنىتىزامىدىن قورقمىسا چوقۇم سەكرەپ كەتكەن بولاتتى، ئۇمۇ ئاستاغىنە «رەھمەت سىزگە، مەن بەك خۇش بولدۇم، كەچتە كۆرۈشەيلى» دەپ يوللاپ قويدى.

يىغىن تۈگەپ بۆلۈمگە ئەمدى چىقىپ تۇراتتى، ئارقىدىنلا سۇۋغاتمۇ كەپ ئۇلگۈردى، ئۇنىڭدىكىسى بىر تال قەلەم ئىدى، سۇرەييا كەچتە ئۇچۇپ دېگۈدەك ئۆيگە كەلدى، خۇش خەۋەرنى ئاتا - ئانىسىغا ئۇقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن،

دەرھاللا مەۋھۇم دۇنيارىغا ئاتلاندى، ئەمما بۇ قېتىملىق سەپەر كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، ئۇ يوق ئىدى، ياتىدىغان ۋاقىتقىچە كومپيۇتېر ئوچۇق تۇردى، يەنىلا خەۋەر يوق، ئۇچۇر يوللىدى، ئۇمۇ جىم. پەقەت ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىدىكى بىر پارچە خەت ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، «ئىرادىلىك ئادەم بولۇڭ، ھەر ۋاقىت ئەزىز تېنىڭىزنى ئاسراڭ، توختىماي ئىلگىرىلەڭ، ھايات يولى ئۇزۇن، ئالدىڭىزدىكىلەردىن ئېشىپ كېتىشنى ئويلاڭ، كەينىڭىزدە سىزدىنمۇ كۆچەپ يۈگۈرۈۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇماڭ، ھەر ۋاقىت سالامەت بولۇڭ، سىز ئەڭ ياخشىسى.

باتۇر»

بەلكىم جىددىي ئىشى چىقىپ قالغاندۇ، ئەمما ئۇ ئۇچۇرنى كۆرگەن ھامان تورغا چىقاتتى، بۇ بىرىنچى قېتىملىقى، بەلكىم ئالدىراشتۇ دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئەتىسىمۇ نەق بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، يەنىلا جىم، ئۆگۈنىمۇ يەنە شۇ، نەق بىر ھەپتە ئۆتكەندە كۆڭلى تەسۋىرلىگۈسىز پەرىشان بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى، پەقەت كۆڭلىنىڭ غۇۋا يېرىدە «باتۇر» دىگەن ئىسىم بىلەن «سىز ئەڭ ياخشىسى» دىگەن بىر ئېغىز سۆز توختىماي جاراڭلايتتى، بۇ ئىسىم تولىمۇ تونۇش، ئۇ كىمدۇ؟ ئۇ بۇ گەپنى چۈشىدە ئاڭلىغاندەكلا ئىدى، توغرا ئۇ چۈشىدە كىمدىن ئاڭلىغان بولغىيتتى؟ كېيىنكى ھەپتىسىمۇ خۇددى قارىغۇ ھاسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەكلا يۈردى، ئۇ بۇنچە پەرىشان بولمىغىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى، خۇددى كېسىلى

قوزغىلىپ قالغان بىمارەدەك ئۇنىڭ چىرايىدىن نە خۇشاللىق، نە كۆلكە تاپقىلى بولمايتتى، مىڭ پىراقىڭدىن بىر ئەلىمىڭ يامان دېگەندەك ئەلەملىك كۈنلەر ئۇنى ھېچ ئارام تاپقۇزمىدى. كومپيۇتېر 24 سائەت ئوچۇق، ئەمما يەنىلا جىمجىت، توختىماي تېلېفون ئۇرۇۋاتىدۇ، ئۇچۇر يوللاۋاتىدۇ، ھالى يەتمىگەن تەڭرىگە يېلىنار دەپ تەڭرىدىن ئۇنىڭ خەۋىرىنى تىلىدى.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ باغچىغا قاراپ ماڭدى، خىيالىغا يەنە تېلېفون ئۇرۇش كەلدىمۇ قانداق بىر نومۇرلارنى باستى، مۇشۇ كۈنلەردە تېلېفون ئۇرغۇدەكلا ۋاقىت تاپالىسا، بېسىپ باقاتتى، ئۇچۇر يوللاپ قوياتتى.

ئۇ خۇددى چايان چېقىۋالغاندەك تورۇپلا كەتتى.

—— ۋەي، تىنچلىقمۇ؟ بۇ باتۇرنىڭ تېلېفونى ئىدىغۇ؟

—— ھەئە.

بىر ئايالنىڭ غەمكىن ھەم بوغۇق ئاۋازى ئاڭلانغانىدى.

—— ئەمىسە باتۇر نېمىشقا تېلېفوننى ئالمايدۇ؟ نەچچە ھەپتە بولۇپ كەتتى، مەن يېقىن دوستى، ئىسمىم سۈرەييا.

—— بىلىمەن، قىزىم.

سۈرەيياغا بۇ ئاۋاز تولىمۇ تونۇشتەك، نەدە ئاڭلىغان بولغىيتتى؟

—— ھە تىنچلىقمۇ، —— سۈرەييا يەنە بىر تىنچ - ئامانلىق سورىۋەتتى.

—— تىنچلىق.

—— باتۇر ئۇ...

—— قىزىم، بىزنىڭ ئۆي گۈلباغ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا،

مۇمكىن بولسا كېلەلەرسىزمۇ؟

ــــ ھەئە، بارىمەن، ــــ دەۋەتتى ئالدىراپلا، ئۇ ئايالمۇ تەپسىلىي ئادرېسىنى دەپ بەردى، سۇرەييا تېزلا دېگەن ئۆيگە يېتىپ باردى، ئىشىكنى ئەمدى چېكىشىگە ئىچىدىن تولىمۇ چىرايلىق بىر ئايال چىقىپ كەلدى، بېشىدىكى ياغلىقمۇ تولىمۇ ياراشقان، قارىماققا يۇقىرى قاتلامدىكى تۈرك ئاياللىرىدەك كۆزگە باشقىچە تەپتارتقۇدەكلا كۆرۈنەتتى، سۇرەييا ئەيمىنىپقىنە:

ــــ تىنچلىقمۇ، مەن سۇرەييا، ــــ دەپ سالام قىلدى.

ــــ كىرىڭ، قىزىم.

ئۆي خېلى چوڭ بولۇپ، شۇنچە رەتلىك، شۇنچە پاكىزلىقىغا باقماي سەل سوغۇق بىلىنەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ سەۋەبى بار ئىدى، سۇرەييانىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئەلىمى ئاز كەلگەندەك، يەنە كۆرىدىغىنى بار ئىدى، خۇددى قايسىدۇر بىر ئەدىبنىڭ «سەن بەخت ئىزدەيسەن، لېكىن پالاكەت سېنى ئىزدەيدۇ، سەن خۇشاللىق ئۈچۈن ياشايمەن دەيسەن، لېكىن كۆڭۈلسىزلىك چىۋىندەك گىزىلدايدۇ» دېگىنىدەك، ئۇ ئايالنىڭ گەپلىرى ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك دەھشەتلىك بىر ئېلېكتىر دولقۇنىغا ئوخشاش سۇرەييانىڭ نېرۋىلىرىغا تەسىر قىلدى.

بۇ بەك شەپقەتسىزلىك بولدى، سۇرەييا شۇ تۇرقىدا يىغلاپ باشلىرىنى تاشقا ئۇرسا، بېشىغا ئۇرۇلغان تاشلارمۇ ئەلەمدە قالاتتى.

ــــ تەقدىرگە تەن بېرەيلى، قىزىم.

توغرا، دۇنيادا گۇناھكار بولمايدىغىنى تەقدىر.

سۇرەييا ئۆيدىن ئۇلۇغ ياكى تەتۈر چىقىپ كەتكىنىنى بىلمىدى، شۇ تاپتا ئۇ ساراڭدەكلا بولۇپ قالغان ئىدىكى، ھېچكىمنىڭمۇ ھېلىقى ئايالنىڭ بۇ ناتىۋانىنى قانداقمۇ يالغۇز يولغا سېلىپ قويغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئۇ ئەمدى بىنادىن چىقىپ تۇراتتى، قايسى كوچىدىن چىقتىكىن بىر ماشىنا قاتتىق تورمۇزلاپ توختىتىدى، ئۇ ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ تازا بىر تىللاي دېيىشىگىلا سۇرەييا كەينىگە تىكلا ئۆچۈپ كەتتى.

ئۇ يىگىت قورقۇپ كېتىپ، كېتىپ قالماقچى بولدىيۇ، ئەمما شۇنچە گۈزەل بۇ لەۋەننىڭ بۇ يەردە يېتىپ قېلىشىنى خالىمىدى بولغاي، ماشىنىدىن چۈشۈپ قىزنىڭ قېشىغا يۈگۈردى.

— نېمە بولدىڭىز، ئادەمنى قورقاتماڭا!

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن سۇرەييا كۆزىنى ئېچىپ يات بىر ئوغۇل بالىنىڭ قۇچىقىدا ئۆزىنى كۆرۈپ، شۇنچىلىك قورقتىكى:

— مېنى قويۇۋېتىڭ، — دەپلا يەنە ھوشىدىن كەتتى.

يىگىت تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى.

— ئادەمنى قورقاتماڭا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ.

يىراقتىن بىر سېمىز كەلگەن ئايالنىڭ:

— ئوش، نېمانداق، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، غاچچىدە كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئاپارمامسىز، بولمىسا ئۇدۇلدىلا بىر كىچىك ئامبۇلاتورىيە بار، ئەكىرىپ بېقىڭە!

يىگىت ھە، ھە دېگىنىچە قىزنى كۆتۈرۈپ ئايال كۆرسەتكەن تەرەپكە يۈگۈردى.

دېگەندەك ئامبۇلاتورىيىدە بىر دوختۇر يالغۇز ئولتۇراتتىكەن.

— دوختۇر، بۇ قىز ھوشىدىن كەتتى، كۆرۈپ بېقىڭە.

— نېمە بولغان؟— دېدى دوختۇر.

— ئۇ قورقۇپ كەتتىمىكىن، تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشتى.

دوختۇر ئىڭشىغۇچتا تەكشۈرەي دەپ تۇرۇشىغا سۈرەييامۇ ھوشىغا كەلدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ نەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟— دېدى دوختۇر.

سۈرەييانىڭ ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمەي، سەلدەك يىغلاپ كەتتى، يىگىت تەڭلىكتە قالغاندەك بولدى ـ دە، تەسەللىلەرنى بەرگەنمۇ بولدى. بىر پەستىن كېيىن سۈرەييا خېلى ئۆزگە كېلىۋالدى:

— كەچۈرۈڭ، سىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەردىم.

— ھە ياقەي، مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز.

— مەن كېتەي، رەھمەت دوختۇر.

ئۇ ئاران دەسسەپ سىرتقا ماڭدى.

— ئۆيىڭىز نەدە؟ ئاپىرىپ قويايمۇ؟

— بولدى، تاكسى توسۇپلا كېتەي، رەھمەت، — دېدى سۈرەييا.

— ھەي، بولمىسا توختاپ تۇرۇڭ، مەنلا ئاپىرىپ قوياي، ماشىنىنى ھازىرلا ھەيدەپ كېلىمەن، — يىگىت شۇنداق دېگىنىچە ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. ھايال بولمايلا سۈرەييانىڭ كۆز ئالدىدا «نىسسان» ماركىلىق ئاپئاق ماشىنا پەيدا بولدى.

— چىقىڭە، ئاپىرىپ قوياي، ئۆيىڭىز نەدە؟
— مېنىڭ ئۆيگە بارغۇم يوق.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىگىت سەل ئەندىكىپ قالدى، ئارقىدىنلا:
— ئۆيىڭىزدىكىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتىكەنسىزدە؟
— ياقەي، بۇ ھالىتىم بىلەن ئۆيگە كىرىپ ئۇلارنى ئەنسىرىتىپ قويماي دېدىم.
— ئەمىسە يىگىتىڭىز بىلەن سوقۇشۇپ قالدىڭىزما؟
يىگىت بۇ سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرغان سۇرەيياغا سەل دىققەت قىلىپ قالدى، ئۆزى كۆلدە كاۋاپ بولسىمۇ شۇنچە چىرايلىق قىزنىڭ كىرپىكىنى نەم قىلماسلىق كېرەك ئىدىغۇ، دەپ خىيالى بۆلۈنۈپ كەتتى.
— سوقۇشقۇدەك يىگىتىم يېنىمدا ياق، يېنىمدا بولمىسىمۇ ھاياتلا بولغان بولسا ئالەمچە خۇش بولار بولغىيتتىم.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىگىت ھەقىقەتەن گاڭگىراپ قالدى.
— مېنى بىرەر خالىيراق يەرگە ئاپىرىپ قويۇڭە، شۇ تاپتا ساراڭ بولايلا دېدىم.
ئۇلار شۇنداق دەپ يۈرۈپ كەتتى.
— دەڭا، نېمە ئىش بولغان ئىدى؟ — سورىدى يىگىت.
— دېسەم گەپ بەك ئۇزۇن، مەن ئۆتۈپ كەتكەن دۆت، كالۋا ئىكەنمەن، ئىشقىلىپ ئەمدىكى ھاياتلىق ماڭىمۇ ھارام، — دەپ گەپ باشلىدى سۇرەييا. — مەن خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيمەن، نەچچە ئاي ئىلگىرى بۆلۈمىمىزگە بىر يىگىت داۋالانغىلى كەلگەن ئىدى، قارىماققا كېسەل ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

پەرق قىلالمايسىز، ئۇ شۇنچىلىك روھلۇق، چىرايى ئۈزۈلدى ئەمما بۆرەك زەئىپلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتىكەن، كىم ئويلىغان، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ قاپتۇ، ئىلگىرى دادىسىغا بىر بۆرىكىنى تەقدىم قىلىپ، ئۆزى بىر بۆرىكى بىلەن ياشاپ كەپتىكەن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ بىر بۆرىكىدىن چاتاق چىقىپتۇ، ئەمما يالغۇز ئاپىسىنى ئەنسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېچكىمگە دېمەي بەرداشلىق بېرىپ يىقىلغاندا باشقىلار ئەكەپتىكەن.

— ئۇنداقتا دادىسىچۇ؟

— ئوپېراتسىيە بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈگەپ كېتىپتىكەن.

— ۋاي خۇدايىم، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن.

— دوختۇرخانىمىزدا دائىم قان تازىلىتىپ دېگۈدەك خېلى ئۇزۇن داۋالانغان، ئەمما ئۈمىد بولمىغاچقا چىقىپ كەتكەن، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا مەن، يەنە مېنىڭ ئۇستۇمدىكى دوختۇر مەسئۇل ئىدۇق، سىز بىلمەيسىز. ئۇ شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە كېلىشكەن، بويى 1.85 سانتىمېتىر كېلەتتى. تىرىشچانلىقىنى دېمەي قويۇڭ، فرانسىيىدە ئىقتىسادشۇناسلىقتا ماگىستىرلىقنى ئوقۇۋاتقاندا سالامەتلىكى تازا ياخشى بولماپتۇ، شۇ يەردىلا ئۈمىد يوق دەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ۋەتىنىدە، ئاپىسى يېنىدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتىپ كەپتىكەن، ئەمما ئاغرىقلىقىنى ئاپىسىغا دېمەپتۇ، پەقەت تۇرغۇم كەلمىدى دەپ كۈندە دېگۈدەك ئاپىسى بىلەنلا ئۆتۈپتۇ، دەسلىپىدە ئاپىسى سەزمەي يۈرۈپتۇ، سىزگە دېسەم، مەن ئۇنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى شۇ چاغدىلا بىلەتتىم.

سۇرەييا بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ، ئىنسان چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىنىشلىق يىغلىدىكى، ئۆمرىدە بۇنچىلىك ياش تۆكۈپ باقمىغان بولغىيتتى ئېھتىمال.

— بولدى سەۋر قىلىڭ، — دېگەچ ماشىنىنىڭ كەينىدىكى قەغەزنى سۇرەيياغا ئۇزاتتى يىگىت.

— بىز دوختۇرخانىدىلا چىقىشىپ قالغان ئىدۇق، گەرچە ئۇ بىمارىم بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياش تۇرۇپلا ئاز كۈنگە قالماي ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى ئويلىسام شۇنچە پەرىشان بولاتتىم. ئەمما قانداق قىلىمەن، بىزنىڭ ئالدىمىزدىلا جان بېرىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللىلەرنى بېرىپ، ھەممىمىز ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىزغۇ، ئىلاھىم مۆجىزە يۈز بېرىپ، ساقىيىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە... — دەپ يەنە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلاپ كەتتى سۇرەييا، — ئۇنىڭ ئىسمى «ھاياتلىق» ئىدى، توردا دۇنيانىڭ بارلىق خۇشاللىقلىرىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ماڭا ئاشۇ مەۋھۇم دۇنيادا ئىزچىل ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقىنى، خۇشاللىقلىرىمنى تەڭ ئاڭلاپ، قايغۇلىرىمغا تەسەللىلەر بەرگىنى، خىزمەتتە ئالاھىدە ئىلگىرىلىشىمدە زور رول ئوينىغىنى، يەنە مېنىڭ ئىرادىلىك ئادەم بولۇشۇمغا ياردەم بەرگىنىمۇ شۇ ئىدى، ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانلىرىمغا ياردەم بەرگىنىنى سىزگە ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. گەرچە توردا بولسىمۇ مەن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بارلىق ماتېرىياللارنى ھازىرلاپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئۇ ئىمتىھاندىنمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتكەن ئىدىم، كومپيۇتېرىم بۇزۇلۇپ قالسا مېنى ماڭغۇزمايلا يىراقتىن كونترول قىلىپ ئوڭشاپ بېرەتتى. ھەتتاكى، دوختۇرخانامغا پات - پات كېلىدىغان

سوۋغاتلار، كىتابلار، شاكىلاتلارمۇ ئۇ تەرىپىدىن ئىككەندۇق، بۇلارنى مەن بۈگۈن ھېس قىلدىم، ئۇ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئۈچ ھەپتە بولغاندا ئاندىن بىلدىم، مەن بەك ھاماقەت ئىكەنمەن، ئۆزۈمنىڭ قىزلىق غۇرۇرىنى دەپ ئۇنى ئاۋۋال ئىزدىسەم ياخشى بولمايدۇ دەپ ئۇزلۇكسىز كۈتۈپ كەپتىمەن. ئۇنىڭ مېنى ھامان ئىزلەپ كېلىشىنى كۈتۈپتىمەن، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مېنىڭ كۈتكىنىم مۇشۇمىدى؟ ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمىدى؟ بايا مەن چىقمۇاتقان قورۇ ئۇلارنىڭ ئىكەن، بۈگۈن تېلېفونىنىڭ تۇيۇقسىز ئېلىنىپ قالغىنىغا ھەيران بولۇپ بۇ يەرگە كەپتىمەن، ئاپىسىنىڭ ماڭا بەرگىنى ئۇنىڭ ئاشۇ كېسەل ھالىتىدە ماڭا قانداق خەت يازغانلىقى، سۇ ئىچكۈدەك مادارى بولمىسىمۇ ماڭا ئىزچىل ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ھەتتاكى بىزنىڭ QQ دا پاراڭلاشقان خەتلىرىمىزنى كۆپەيتىپ توپلەپ چىققان دەپتىرى بولدى.

سىز بىلەمسىز، ماڭا ئەۋەتىلگەن ھەربىر تال گۈل، پوسۇلكىلارنى، كەچلىك تاماقلارنى ئاپىسى ئوغلىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئىزچىل ئورۇنداپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىۋېدى، بۇ دۇنيادا يوقتەكلا بولۇپ كەتتىم. ماڭا ئۇ چاغلاردا بىر ئېغىز دېگەن بولسا، ياق، ياق، مەن دۆت بىلگەن بولسام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولماسمىدىم، مەن پەقەت چىدىمىدىم.

ــــ بولدى، سەۋر قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ، ــــ دەيتتى يىگىت پات ـ پاتلا.

ــــ مەن بولسام خىيالىي مەۋھۇم تور دۇنياسىدىكى ھاياتلىقتا كۆيۈپ، پىشىپ يۈرۈپتىمەن، ئۇ بولسا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىپ بۈگۈنگە

كەپتۇ، تەقدىر ئىككىمىزنى ئىككى تەرەپتە قىينىغۇچە بالدۇرراق ئۇچراشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسام، ئۇنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسام، ماڭا خەت يازمەن دەپ ئۇنچە قىينالماس ئىدى.
— بولدى، سەۋر قىلىڭ، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ، بولدى قىلىڭ.
— دەسلەپتە ماڭا ھايات، سالامەتلىك توغرىسىدا تەربىيە بەرسە، لوقمان ھېكىمنى دورىدىڭىز دەپ ئەيىبلەپ كېتىپتىمەن، مېنى تونۇمىسىز دەپ سورىسام ھەئە دېسە مەن ئانچە ئېرەن قىلماپتىمەن. چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، گېپىمدىن تۇتۇۋېلىپلا مېنى تونۇغان قىياپەتكە كىرىۋېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، مەن يەنە قانداق سەۋر قىلىمەن؟ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىدە «سىز ئەڭ ياخشىسى» دېگەن گەپمۇ كاللامغا كەلمەپتۇ، ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى ماڭا قايرىلىپ قاراپ «سىز ئەڭ ياخشىسى» دېمىگەنمىدى؟ ئەمدى بولغاندا ئېسىمگە كەلگىنى نېمىسى، مەن بەك دۆت ئىكەنمەن. ئۆزۈمنى ئالىي مەلۇماتلىق دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟
سۈرەييا يىغلاپ، كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى، ئاۋازلىرىمۇ بارغانچە بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقىۋاتاتتى.
— ئۇ ئايالمۇ قىزىق ئىكەن، ئەمىسە ئوغلى بىلدۈرۈشنى خالىمىغان ئىشلارنى سىزگە دەپ نېمە قىلىدۇ؟
سۈرەييا چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن بوغۇق ئاۋازدا:
— ئەسلىي باتۇرنىڭ ئاپىسى تۈركىيىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئايال ئىكەن، دادىسى بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىپ، ئاخىرقى قەدەملىرى ۋەتىنىدە بولۇپ قاپتۇ، رەھمەتلىك يولدىشىمۇ بۇ

ئايالنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، بۇ ئالەمدىن بالدۇرلا كېتىپ قاپتۇ، سىز بىلمەيسىز، باتۇرنىڭ دادىسى ئەسلىدە بىر سودىگەر بولۇپ، بەك باي ئادەم ئىكەن. باي بولغانىنىڭ نىمە پايدىسى؟ شۇنچە پۇلى بىلەنمۇ داۋالىنالمىسا.

— توۋا، بۇ دۇنيا بەكلا رەھىمسىز ئىكەن، تەڭسىز ئىكەن، پۇلى بارلار داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىۋاتقان، پۇلى يوقلار داۋالانغىلى پۇلى يوق ئۆلۈپ كېتىۋاتقان. ئىشقىلىپ كۆپ شۈكۈر قىلغۇلۇق، تەڭرىم ياراتقان بەندىلىرىگە دەۋاسىز كېسەل بەرمىسۇن،— دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى يىگىتمۇ.

— كېيىن ئوغلىمۇ قايتىپ كەپتۇ، شۇ كەمگىچە بۇ ئايال يالغۇز تۇرۇپتىكەن بۇ يەردە. ئەمدىلىكتە دۇنيالىقتىكى بىر تاللا ئوغلىمۇ بۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىپ بۇ ئايالنى تىكەندەك يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ، دېمىسىمۇ باتۇرنىڭ ئانىسى كۆپ ئەلەم چېكىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ بولمىغاچقا، دۆلىتىگە كەتمەكچى ئىكەن، ھازىر تۇرۇۋاتقان ئۆيىنى ساتقۇسى بولمىغاچقا، تاپشۇرۇپ بەرگۈدەك ئىشەنچلىك ئادەم تاپالماپتۇ، شۇڭا ئاخىر بولماي، مەن ئىبسىگە كەپتىمەن، ئوغلىنىڭ سەكراتتا تۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا «سۇرەييا... ئەلۋىدا» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى بوپتۇ. شۇڭا ئۇ ئۆيىنى مېنىڭ ئېلىپ قېلىشىمغا تاپشۇرسا، تولىمۇ خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى دېدى. دەڭا، مەن قانداقمۇ قوبۇل قىلاي؟ ھەپتىنىڭ بىرى بىرىشىمنى ئۆتتۈندى، ئۆيىنىڭ نامىنى مېنىڭ نامىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن، شۇڭا ماڭا دېيىشتىن باشقا ئامالى بولماپتۇ.

— دادىسىنىڭ تۇغقانلىرى يوقمىكەن؟

— ياق، دادىسىمۇ بىر قارا يېتىم ئىكەن، بەك تىرىشچان بولغاچقا، بۇگۈنكى كۈنگە ئېرىشىپتىكەن. ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەر، مۇنەۋۋەر دادىمىش، ئۆزى بۇ ئادەم بىلەن توي قىلغىنىدىن تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىدىكەن. ئۇ ئايال ناۋادا «ئىككىنچى يارالمىشىدا تاللاش توغرا كەلسە، مەن يەنىلا باتۇرنىڭ دادىسىنى تاللىغان بولاتتىم» دەپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى، — سۇرەييا شۇنداق دېگىنىچە يەنە كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلىدىكى، ئۇنىڭ بۇ يىغىسى جىمى مەۋجۇداتنى سۈكۈتكە چۆمدۈرەتتى.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يىگىتكە قاراپ:

— مېنى كەچۈرۈڭ، سىز بەك ياخشى ئىكەنسىز، ھەرۋاقىت ئەزىز، سالامەت بولۇڭ، ئەمدى مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويالارسىزمۇ، سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتىم،— دېدى.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ شۇنداق يېرىم بولدى، سىزنىمۇ ئەزىز قىلسۇن،— دېدى يىگىت ھەم ماشىنىنى جىددىي ئوت ئالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى، ماشىنا بولسا قەغەز بىلەن لىق تولغان ئىدى.

تۆت پەسىلنىڭ يەنە بىر باھارى يېتىپ كەلدى، سۇرەييانىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى تا ھازىرغىچە يا ئاتا ـ ئانىسى، يا خىزمەتداشلىرى چۈشەنمەيتتى، ئۇ بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مەيلى باھارنىڭ شاملى ئادەمنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتىدىغان، يازنىڭ قۇياش نۇرى بەدەننى كۆيدۈرىدىغان، كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملى كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان، قىشنىڭ سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان

چاغلاردا بولسۇن ھەر كۈنى بىر خىللا ئىدى. ئىشلەيتتى، مەكتەپكە باراتتى، جىمجىت خىيال سۈرەتتى، باتۇرنى ئەسلەيتتى، ئۇ ئۇمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەسلىسە يەتكۈدەك ئەسلىمىلىرى ئىچىدە ياشاپ بوگۇنگە ئۇلاشتى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بوگۇنگە كەلمىكىمۇ ناھايىتى قىيىنغا توختىغان، باتۇرنىڭ قەدرىمۇ يەتكۈچە ئۆتۈلگەن ئىدى. قۇدۇق قەدرى چۆلدە بىلىنەر دېگەندەك، بىچارە سۈرەييا خۇشاللىقىدىمۇ، قايغۇسىدىمۇ ئۆزى يالغۇز قالاتتى، شۇنداق چاغلاردا باتۇر خىيالىدىن چىقمايتتى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق باتۇر ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتىكى ئاي كەبى ئۇنسىز نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئۇ قاراڭغۇدا قالغاندا يورۇقلۇق بېرەتتى، ئۇنىڭ ئىزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ئاسمان دېسەم سەھىنىنى چىقتىڭ بولۇپ ئاي ئۆزۈڭ،
نە ئاي بەلكى جۈپ قۇياش، ئىكەن سېنىڭ جۈپ كۆزۈڭ.

دۇنيادا ئومۇمەن يەتكىلى بولمايدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ئەڭ گۈزەل، باتۇرنىڭ سۈرەيياغا قالدۇرغان ئەسلىمىلىرىمۇ ئاندىن شېرىن.

مۇھەببەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ ساپ ھېسسىيات. شۇنداقلا ئۇ ئادەملەرگە بېرىلگەن ئەڭ قاتتىق سىناق... گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەلگەن مۇھەببەت — مۇھەببەت بابىدا يېگانىدۇر.

— كىتاب — پايانسىز دېڭىز، كىتاب دېڭىزىدا بىر دانە ياخشى كىتاب خۇددى يىراقتا كۆرۈنگەن ئارالغا ئوخشايدۇ.

— بولدى قىلىڭ، سەمى چاقچاق قىلماي.



www.uyghurkitap.com

— چاقچاق قىلمىدىم، بۇ كىتاب ياخشى ئىكەن، ئوقۇپ قويۇڭە!
— «ئىشق يولى» رەھمەت، — ئۇ بىشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇردى.
ئۇلار ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇقنىڭ نېرىسىدا قۇرۇپ قالغان بىر تەشتەك گۈل تۇراتتى، سەمى سۇرەييادىن:
— دەڭا، بۇ بىر تەشتەك كاكتۇس گۈلى قۇرۇپ قالغاندىن كېيىن تاشلىۋېتىلگەنمۇ ياكى تاشلىۋېتىلگەندىن قۇرۇپ قالغانمۇ؟
سۇرەييا ئۈندىمىدى.
— سىز مېنى يەنە قانچىلىك كۈتسۇن دەيسىز؟
— سىز بەك ياخشى، كۆپ ساقلىتىۋەتتىم.
— شۇنى دەڭا، ئاشۇ كۈنى سىزگە يولۇقۇپ يېرىم كۈن سىزنى كۆتۈرۈپ يۈرمىگەن بولسام بەلكىم مەنمۇ بۇنچە قېرىپ كەتمىگەن ئىدىم.
— كىم سىزنى قېرى دەپتۇ، شۇ چاغدا مېنىڭ ئەڭ سەت ھالىتىمنى كۆرۈپ قالغان ئىدىڭىز، مۇشۇ يىللاردا مېنى قوللىغىنىڭىزغا رەھمەت.
— ئۈنداق دېمەڭ، سىزگە ھازىرنىڭ ئۆزىدە توي قىلىش تەكلىپى قويسام رەت قىلارسىزمۇ؟
— سىزنى كۆپ ساقلىتىپ قويدۇم، — دېدى سۇرەييا. ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياش سەمىنىڭ مۇرىسىگە تاراملاپ چۈشتى...